

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هايۋانات ئۆسۈملۈكلەر

بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇ[illegible]
دۆلەت پەن - تېخنىكا ۋە تەرەققىيات مۇكاپاتىغا
6 - نۆۋەتلىك دۆلەت كىتاب مۇكاپاتىغا
5 - نۆۋەتلىك دۆلەت لۇغەت مۇكاپاتىغا
5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەننى
ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا
6 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئۆسمۈر -
بالىلار كىتابلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن

# جۇڭگو بالىلار قامۇسى

中国儿童百科全书

مىللەتلەر نەشرىياتى
جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

ھايۋانات
ئۆسۈملۈك

مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر كىتابلىرىنى
نەشر قىلىش مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈر

# جۇڭگو بالىلار قامۇسى

بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى
دۆلەت پەن - تېخنىكا ۋە تەرەققىيات مۇكاپاتىغا
6 - نۆۋەتلىك دۆلەت كىتاب مۇكاپاتىغا
5 - نۆۋەتلىك دۆلەت لۇغەت مۇكاپاتىغا
5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەننى
ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا
6 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئۆسمۈر -
بالىلار كىتابلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن

مىللەتلەر نەشرىياتى
جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

中国儿童百科全书.动物植物：维吾尔文/《中国儿童百科全书》
编委会编；米吉提·巴吾东，木拉提·帕尔萨译. －北京：
民族出版社，2007.5（2013.11重印）
ISBN 978-7-105-08098-4

Ⅰ.中… Ⅱ.①中…②米…③木… Ⅲ.①科学知识－儿童读物－
维吾尔语(中国少数民族语言) ②动物－儿童读物－
维吾尔语(中国少数民族语言) ③植物－儿童读物－
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.Z228.1 Q95-49 Q94-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第061578号

本书根据中国大百科全书出版社2005年1月
第1版2007年1月第7次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 2005 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان
1 ـ نەشرى 2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 7 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

翻　　译：米吉提·巴吾东，木拉提·帕尔萨
特约编辑：卡德尔·阿尔斯朗
责任编辑：牙库甫
责任校对：美力克·阿不力孜

تەرجىمە قىلغۇچى: مىجىت باۋۇدۇن، مۇرات پەرسا
تەكلىپلىك تەھرىر: قادىر ئارسلان
مەسئۇل مۇھەررىر: ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور: مەلىكە ئابلىز

# جۇڭگو بالىلار قامۇسى

## ھايۋانات ئۆسۈملۈكلەر



民族出版社出版发行
http://www.mzcbs.com
(北京市和平里北街14号 电话：010-64290862
邮编：100013）
北京盛通印刷股份有限公司印制
各地新华书店经销
开本：889×1194毫米 1/16 印张：6.25
2007年5月第1版 2013年11月北京第6次印刷
ISBN 978-7-105-08098-4/Z·1285(维53)
定价：15.00元

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي
كوچا 14 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون: 64290862 ـ 010
باسقۇچى : مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2007 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
2013 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا 6 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 889 × 1194 م م. 16 كەسلەم باسما تاۋىقى: 6.25
ISBN 978-7-105-08098-4/Z·1285(维53)
باھاسى : 15.00 يۈەن

# كىچىك ئوقۇرمەنلەرگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بۇ قامۇس بىپايان بىلىم دېڭىزى،
تەكتىدە بار پۈتمەس مول خەزىنىسى.
بىر دەستە جىلۋىدار بۇژغۇن ئىچىگە
چۆكۈنگەن ئالەمنىڭ تالاي مەنىسى.

ئى بوغۇن، شىر يۈرەك غەۋۋاس بولۇپ سەن،
شۇڭغۇساڭ، بەھرىدىن گۆھەر سۈزەرسەن.
بولىدۇ سىنىڭكى ئۈچ ئەڭگۈشتەرمۇ،
چۈشەنسەڭ، بىر ئۆمۈر غالىب ئۆتەرسەن.

بىرىدۇر: ئىلىمگە قايناق مۇھەببەت،
بىرىدۇر: ئىجتىھات يولىنى بىلمەك،
بىرىدۇر: ئىلىمگە بەخشەندە ئۆتمەك.
ئۇلارنى قەلبىڭگە قىلساڭ دوست ـ ھەمراھ،
بۇ ئەسىر يۈكسەكتە پەرۋاز ئېتەرسەن!

# جۇڭگو باللار قامۇسى

## هايۋانات ئۆسۈملۈك مۇندەرىجە


كىچىك ئوقۇرمەنلەرگە 3

مۇندەرىجە 4



### هايۋانات

**پىل 6**

مامونت ئاسىيا پىلى ئافرىقا پىلى

كىچىك پىلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى پىلنىڭ چىشى

پىلنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق خارتۇمى



**تۆگە 8**

ئۆزىنى قوغداش تۇغما ئىقتىدارى قوش لوكىلىق تۆگە

ياۋا تۆگە تۆگىنىڭ زاپاس سۇ ساقلاش ئىقتىدارى

تۆگىنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسى

**شىر، يولۋاس، يىلپىز 10**

ئورمان شاھى — يولۋاس

ئافرىقا ئوتلاقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى — شىر

ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ماھىرى — يىلپىز



**ئېيىق 12**

قارا ئېيىق سالماق ھەم سېمىز قوڭۇر ئېيىق

ئاق ئېيىق ھەسەلخۇمار مالايا ئېيىقى

**زىراپە 14**

ھايۋانات دۇنياسىدىكى گىگانت ھايۋان

پەۋقۇلئاددە ئۇزۇن تىلى

زىراپىنىڭ قېرىنى ئوكاپى



**بۇغا 16**

چىپار بۇغا بۇغىنىڭ ياشاش ئادىتى

شىمال بۇغىسى ئاق تۇمشۇق بۇغا

ھىندىستان چىپار بۇغىسى

قانداغاي ئۇزۇن قۇيرۇق بۇغا (ئېلافۇرۇس بۇغىسى)

**مۇشۇكئېيىق 18**

مۇشۇكئېيىقنىڭ ياشاش مۇھىتى

مۇشۇكئېيىقنىڭ يېمەكلىكى

مۇشۇكئېيىقنىڭ ياشاش ئادىتى

مۇشۇكئېيىقنىڭ كۆپىيىشى كىچىك مۇشۇكئېيىق

**مايمۇن ۋە ئادەمسىمان مايمۇن 20**

مايمۇن سېرىق ياللىق مايمۇن

پالكۆز مايمۇن ئىت باش مايمۇن

ئادەمسىمان مايمۇن شىمپەنزە



**ھەسەل ھەرىسى 22**

ئىش تەقسىماتى پۇختا ھەسەل ھەرە پادىشاھلىقى

ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ئانا ھەرە

ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۈشەندىسى — سېرىق ھەرە

**كېپىنەك 24**

كېپىنەكنىڭ ھالەت ئۆزگەرتىشى

كېپىنەكنىڭ ھايات مۇساپىسى

كېپىنەكنىڭ تارقىلىشى



**ئۆمۈچۈك 26**

ئۆمۈچۈكنىڭ ھايات مۇساپىسى چايان

ماھىر توقۇمىچى ئۆمۈچۈكنىڭ كۆزى



**قۇش 28**

پەيىنىڭ رولى قۇش چاڭگىسى

قۇشلارنىڭ كۆپىيىشى قۇشلارنىڭ ئۇچۇشى

كۆچمەنشىغان قۇشلار كۆچمەس قۇشلار



**دېڭىز ـ ئوكيان ھايۋانلىرىنىڭ تارقىلىشى 32**

ئوخشاش بولمىغان دېڭىز تەۋەسىدىكى جانلىقلار

ئوكياننىڭ چوڭقۇر يېرى

ئوكيان يۈزىدىكى جانلىقلار زەنجىرى



**جەنۇبىي قۇتۇپتىكى ھايۋانلار 34**

يوغان قورساق پىنگۋىن جەنۇبىي قۇتۇپتىكى كىتلار

جەنۇبىي قۇتۇپ دېڭىز قۇشلىرى

جەنۇبىي قۇتۇپ تيۇلېنى



**شىمالىي قۇتۇپتىكى ھايۋانلار 36**

شىمالىي قۇتۇپ بۆرىسى

شىمالىي قۇتۇپ تۈلكىسى لالما چاشقان

شىمالىي قۇتۇپتىكى قۇشلار دۇنياسى

دېڭىز پىلى شىمالىي قۇتۇپ تيۇلېنى

**كىت 38**

كىتنىڭ كۆپىيىشى كىتلارنى قوغدايلى

كىت بۇرۇتىنىڭ رولى چىشلىق كىت

ئىپار كىت دېلفىن ئوركا كىت

**بېلىقلار 42**

يەر شارىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئومۇرتقىلىق ھايۋان بېلىق پۈۋەكى

بېلىق ئۆزگۈچىسى كۆچمەنشىغان بېلىقلار

بېلىقلارنىڭ سۇ ئۈزۈش سۈرئىتى

**لەھەڭ 44**

لەھەڭنىڭ تېرىسى لەھەڭنىڭ چىشى

لەھەڭنىڭ بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسى

تۆرەلمە تۇغىدىغان لەھەڭ







**توك چىقىرالايدىغان بېلىق 46**

توك چىقىرىدىغان زىرەك بېلىق توك چىقىرىش پرىنسىپى

توكلۇق يىلانبېلىق كېپىنەك بېلىقلار

**سەككىزئاياغ ۋە سىياھبېلىق 48**

ئەقىللىق سەككىزئاياغ

ئۆزگىرىشچان تەن رەڭگى سىياھبېلىق

سەككىزئاياغنىڭ تېنى

نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




**راك ۋە قىسقۇچ پاقا 50**
قىسقۇچ راك  قىسقۇچپاقا
قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا  پراۋن (جۈپ راك)
**گۈزەل مارجان خادا تاش دۇنياسى 52**
خاداتاش بەربا قىلغۇچى قالتىس هايۋان
مارجان خاداتاشلىرىنىڭ شەكىللىنىشى
مېدۇزا  رەڭگارەڭ نىقابلار  سەقەتقۇرمۇ بېلىق
**يىلان ۋە كەسلەنچۈك 56**
يىلان  زەھەرلىك يىلاننىڭ چىشى  خامېلېئون
كەسلەنچۈك  پاتمىچۇق  بوغما يىلان
**تىمساھ 58**
ئۇزۇن تۇمشۇق تىمساھ
تىمساھنىڭ ياشاش ئادىتى
تىمساھنىڭ چىشى  چاڭجياڭ تىمسىھى
كەڭ تۇمشۇق تىمساھ
**ئاق پالاقچىلىق دېلفىن 60**
سۇدا ياشاشقا كۆچكەن
تەپەككۇر قىلالايدىغان هايۋان
ئاجايىپ سونار سىستېمىسى
**سەمەندەر 61**
تۆۋەن دەرىجىلىك قوش ماكانلىق هايۋان
سەمەندەرنىڭ ياشاش مۇھىتى
**يېشىل پاقا 62**
ئوزۇقلۇق تۇتۇشى  يېشىل پاقىنىڭ هايات مۇساپىسى
چارپاقا  زەھەرلىك پاقا






## ئۆسۈملۈك

**غايەت زور ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى 64**
ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىستېمىلىق جەمەتلىرى
**تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر 65**
يېشىل هاياتلىقنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرى — يۇسۇنلار
دېڭىز تېگىدىكى يېسسىۋېلەك — دېڭىز پالىكى (خەيدەي)
باكتېرىيە ۋە زەمبۇرۇغلار  پېنىتسىللىن زەمبۇرۇغى
**لىشايىنىك (تاش قىنا) 67**
لىشايىنىكلارنىڭ ئالاھىدىلىكى
**مۇخ 68**
ئاۋانگارت ئۆسۈملۈك
ئاتموسفېرا سۈپىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈرگۈچى
**پاپوروتنىك 69**
ئەتىۋارلىق سىياتېيە پاپوروتنىكى
ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچقان پاپوروتنىكلار
**يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر 70**
قارىغاي ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر
شەمشاد  كومۇشئۆرۈك  سكاس دەرىخى
**يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر 72**
يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەزالىرى
ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ هايات مۇساپىسى
گۈل رېتى  گۈل تاجى  مېۋە ۋە ئۇرۇق







چىرايلىق گۈللەر

**ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى، غولى ۋە يىلتىزى 76**
ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى  يوپۇرماق ئالقىنى ئېپىدېرمىسى
يوپۇرماقنىڭ شەكلى  ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى
ئۆسۈملۈكنىڭ غولى  يىل هالقىسى
**دەل ـ دەرەخلەر 78**
تروپىك بەلۋاغدا ئۆسىدىغان كوكوس پالمىسى
«تىرىك تاشقاتما» — كومۇش شامشاد
قېرىماس دەرەخ — ئارچا
ئەڭ رايىش دەرەخ — تۇخۇمەك
چۆللۈكتىكى ئەزىمەت — توغراق
ئۆتكۈر زەھەرلىك ئانتىئار دەرىخى



**ئۆسۈملۈكلەردىكى غەلىتە هادىسىلەر 80**
قېرى غولنىڭ چېچەكلىشى  بوغۇپ قۇرۇتۇۋەتكۈچى ئۆسۈملۈكلەر
هاۋا يىلتىزى ۋە بىر تۈپتىن شەكىللەنگەن ئورمان
پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر
تۈرلىمىلىك تۇغىدىغان ئاجايىپ ئۆسۈملۈكلەر
سوغۇقتىن قورقمايدىغان ئېگىز تاغ ئۆسۈملۈكلىرى
پارازىت ئۆسۈملۈكلەر
**ئاشلىق زىرائەتلىرى 84**
بۇغداي  شال  يالىڭاچ ئارپا  كۆممىقوناق
ئاققوناق  چۈجگۈن قوناق (تېرىق)
**ئىقتىسادىي زىرائەتلەر 86**
كانىناش (دادۇر)  خاسىڭ (يەر ياڭىقى)  قارىمۇچ
كاۋاۋچىن (قارىنىپىرىق)  شاكال بەدىيان
كېۋەز  كاكائو  كۈنجۈت  قەھۋە  شېكەر قومۇشى
**كۆكتاتلار 88**
سەۋزە  غولكۆك (ئۆسۈڭ)  ياڭيۇ (كۆممە چامغۇر)
كەرەپشە (چىڭسەي)  زەنجىۋىل  سامساق  تۇرۇپ  پىدىگەن
كاۋا  ئاشپۇرچاق  پەمىدۇر  قىزىلمۇچ (لازا)
غولپىياز (سۆڭپىياز)  تەرخەمەك  كۆك كاۋا  يېسىۋىلەك
**مېۋىلەر 92**
ئالما  نەشپۈت  شاپتۇل  چىلان  ئالۇچا
دولانا  ئۆرۈك  ئەبنۇس  گىلاس  ئانار
قوغۇن  تاۋۇز  ئۈزۈم  بۆلجۈرگەن
ئاپېلسىن  بانان  مانگو  ئاناناس  كوكوس  ماندارىن
**گۈل ـ گىياھلار 96**
ئەتىرگۈل  چايگۈل  لالىگۈل  شاقايىق (مودەنگۈل)
دارچىنگۈل  نىلۇپەر  نەرگىسگۈل
كاككۇكگۈل  گۈلقەمبەر  پانۇسگۈل
شاھزادىگۈل  تاجىگۈل  ھۆرىگۈل
زەپىرەڭگۈل  نورۇزگۈل (گىلاس چېچىكى)












پىلنىڭ ئۇزۇقلۇقى دەرەخ يوپۇرمىقى، يۇمران شاخ، دەرەخ قوۋزىقى قاتارلىقلارنى ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ۋە يەر ئاستى غولى قاتارلىقلارنىمۇ يەيدۇ.

# پىل

پىل — قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ چۆپخور ھايۋان. قۇرامىغا يەتكەن پىلنىڭ ئېغىرلىقى 3~7 توننا چىقىدۇ. قەدىمكى زاماندا پىلنىڭ تۇرلىرى كۆپ بولۇپ، ئوكيانىيە ۋە جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا بارلىق چوڭ قۇرۇقلۇقلارغا كەڭ تارقالغان. كېيىنكى دەۋرلەردە كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ نەسلى قۇرۇغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى ئاسىيا پىلى بىلەن ئافرىقا پىلى. پىلنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، بېشى چوڭ، خارتۇمى ئۇزۇن، يەنە ئىككى تال ئۇزۇن چىشى بار. ئۇ ئاسان تويمايدىغان ھايۋان بولۇپ، غايەت چوڭ تېنىنىڭ ئېنېرگىيىگە بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن كۈنىگە 180~270 كىلوگرام يېمەكلىك يەيدۇ.



ئانا پىل بالىسىنى بەك ئاسرايدۇ، ئۇنى دائىم ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدۇ. ئوتلاقتا كۆچكەندە ئانا پىل ئالدىدا ماڭىدۇ، بالا پىل ئوتتۇرىسىدا ماڭىدۇ، ئەركەك پىل ئارقىدا قوغداپ ماڭىدۇ.

## ماموت

بۇنىڭدىن 3 مىليون يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن يېقىنقى 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان ماموتنىڭ تېنى ئۇزۇن تۈكلەر بىلەن قاپلانغانىدى. تېنى چوڭ، قاۋۇل، پۇتلىرى توم، تاپىنى كەڭ، قۇلىقى كىچىكرەك ئىدى. ئېگىزلىكى بەش مېتىر چىقاتتى، چىشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3~5 مېتىر كېلەتتى. تېرە ئاستى مېيىنىڭ قېلىنلىقى سەككىز سانتىمېتىر كېلەتتى، شۇڭا سوغۇققا چىداملىق ئىدى.

ئاسىيا پىلىنىڭ پېشانىسىدە ئىككى دانە بۆرتمىسى بولىدۇ. ، دۈمبىسىنىڭ ئوتتۇرىسى تومپىيىپ تۇرىدۇ. ئالدى پۇتىدا بەش، ئارقا پۇتىدا تۆت بارمىقى بولىدۇ.



ماموت

## ئاسىيا پىلى

ئاسىيا پىلىنىڭ جۈغى كىچىكرەك، تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.5~6.4 مېتىر، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 2.2~3.2 مېتىر چىقىدۇ، ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. چىشىسىدا سىرتقا ئۇزىراپ چىقىپ تۇرىدىغان پىل چىشى بولمايدۇ. ئاسىيا پىلى ياۋاشراق بولىدۇ. خېلى بۇرۇنلا ئۆي ھايۋىنى قىلىپ بېقىلىشقا باشلىغان. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا كىشىلەر چوڭ پىللارنى يول ياساش، دەريادىن ئۆتۈش، ئورماندا ياغاچ توشۇش، تېرىقچىلىق قاتارلىق ئىشلارغا سالىدۇ. ئەقىللىق ئاسىيا پىلى كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن، ھايۋانات باغچىسى ۋە سېرك ئۆمەكلىرىنىڭ مۇھىم ئارتىسلىرىغا ئايلاندى.






ئاسىيا پىلى خارتۇمىنىڭ ئۇچى

ئافرىقا پىلى خارتۇمىنىڭ ئۇچى



ئافرىقا پىلى




توم، مەزمۇت پۇتلىرى ئۇنىڭ غايەت زور تېنىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئافرىقا پىلىنىڭ جۈغى چوڭ، پېشانىسى ياپىلاق، خارتۇمىنىڭ ئۇچىنىڭ ئاستى - ئۈستى تەرىپىدە بارماقسىمان ئۆسۈمتىسى بولىدۇ. قۇلىقى چوڭراق، ئەركەك، چىشى پىلنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئۇزۇن چىشى بولىدۇ، دۈمبىسىنىڭ ئوتتۇرىسى ئويمانراق، ئالدى پۇتىدا 4-5، ئارقا پۇتىدا 3-4 بارماق بولىدۇ.




پىل پۇتى

## ئافرىقا پىلى

ئافرىقا پىلىنىڭ تېنى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، تەن ئۇزۇنلۇقى 6~7.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.4~4 مېتىر چىقىدۇ. ئۇلار قۇرغاق پەسىلدە ئورماندا ياشايدۇ، يامغۇر پەسىلدە ئوتلاقتا كۆچۈپ كېلىدۇ. 10~20 تۇياق پىل بىر توپ بولۇپ ياشايدۇ. ھەربىر توپتا بىر باشلامچى پىل بولىدۇ، خەتەرگە يولۇقسا، باشلامچى پىل كۆكرەك كېرىپ چىقىدۇ. ئافرىقا پىلىنىڭ مىجەزى چۇس، شۇڭا ئۇلارنى ئۆي ھايۋىنى قىلىپ بېقىش ۋە ئىشلىتىش كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## كىچىك پىلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى

پىلمۇ تىرىك تۇغىدىغان هايۋان، بىراق بوغاز بو-
لۇش ۋاقتى ئۇزۇنراق بولۇپ، 22 ئايغا بارىدۇ. يېڭى
تۇغۇلغان پىل بالىسىنىڭ ئېغىرلىقى 120 كىلوگرام
كېلىدۇ. بالا پىل تۇغۇلغان هامان ئانىسىنى ئېمەلەيدۇ.
دەسلەپكى بىرقانچە ئايدا بالا پىل ئانىسىنىڭ سۈتىگىلا
تايىنىدۇ، يېرىم ياشتىن كېيىن پەيدىنپەي ئانىسىنىڭ
ئاغزىدىكى ئوت - چۆپلەرنى ئېلىپ
يېيىشكە باشلايدۇ. پىل بالىسىنىڭ
ئانىسى بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتى
10~12 يىلغا بارىدۇ.



ئاسىيا پىلىنىڭ
قۇلىقى كىچىك

ئاسىيا پىلىنىڭ چىشىسىنىڭ ئۇزۇن چىشى بولمايدۇ،
بالا پىلنىڭ تېنىدە ئۇزۇن تۈكلىرى بولىدۇ.



هەر نۆۋەت يامغۇر پەسلى كەل-
گەندە، ئافرىقا پىلى ئوتلاقتا
كۆچۈپ كېلىپ ياشايدۇ.

## پىلنىڭ چىشى

پىلنىڭ ئۇزۇن چىشى ئۇنىڭ ئېزىق چىشى بولۇپ، كەينى تەرىپىدىكى يېڭى چىققان ئېزىق چىشلىرىنىڭ
ئۈزلۈكسىز سىقىشى نەتىجىسىدە ئاغزىنىڭ سىرتىغا ئۈزىراپ ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئافرىقا پىلىنىڭ ئەركەك - چى-
شى هەر ئىككىسىدە ئۇزۇن چىشى بولىدۇ. پىلغا ئۆمرىدە ئوتتۇرا چىش، ئۈستى چىش، ئاستى چىش بو-
لۇپ، جەمئىي 12 تال چىش چىقىدۇ، چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، پىل ئوزۇقلۇق چايناش ئىق-
تىدارىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. پىل چىشى پىلنىڭ ئۆزىنى قوغداشتىكى مۇهىم مۇداپىئە
قورالى، شۇنداقلا ئويمىچىلىق ماتېرىيالى بولۇپ، باهاسى قىممەت.



پىل خارتۇمى يەنە چىۋىن، پا-
شىلارنى قورۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.



خارتۇمى بىلەن سۇ سۈمۈرۈپ تې-
نىگە پۈركۈپ يۇيۇنىدۇ.

## پىلنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق خارتۇمى

پىلنىڭ ئۇزۇن خارتۇمى يۇمشاق هەمدە مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان، يۆگىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە
بولۇپ، پىلنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغان ۋە ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىدىغان مۇهىم ئەزاسى. پىل خارتۇمى بىلەن
يوپۇرماق ۋە مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يېيەلەيدۇ؛ تېنىگە سۇ پۈركۈپ يۇيۇنالايدۇ؛ قۇم - توپىلارنى سۈمۈرۈپ تېنى-
گە چېچىپ، تېنىدىكى پارازىت قۇرتلارنى تازىلىيالايدۇ ياكى قۇم چېچىپ يىلاننىڭ هۇجۇمىنى توسىيالايدۇ.
خارتۇمىنىڭ ئۇچىدا بارماقسىمان ئۆسۈمتە بولۇپ، جىسىملارنىڭ شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتىنى سېزەلەيدۇ
هەمدە ئۇششاق نەرسىلەرنى كۆتۈرەلەيدۇ. پىل كىشىلەرگە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئەمگەك
قىلىدىغان «قولى» دەل ئۇنىڭ خارتۇمى. خارتۇمىنىڭ پۇراش سېزىمىمۇ ناهايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، يەر ئاستى
سۈيىنىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈپ بىلەلەيدۇ.



ئاسىيا پىلى خارتۇمى
ۋە چىشى بىلەن ياغاچ
يۆتكەيدۇ.



پىللار مۇشۇ خىل ئۇسۇل
ئارقىلىق ئۆزئارا پىكىر
ئالماشتۇرىدۇ.

## تۆگە



تۆگە سۈت ئەمگۈچى چوڭ ھايۋان بولۇپ، قۇرغاق چۆل مۇھىتىغا ماسلىشالايدىغان ئالاھىدە فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىگە ئىگە. ئافرىقىنىڭ سەھرايى كەبىر چۆلىدە كۈندۈزى يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 70℃قا چىقىدۇ، كېچىلىك تېمپېراتۇرىسى 0℃تىنمۇ تۆۋەن بولىدۇ. تۆگە مۇشۇنداق ناچار كىلىماتتا نورمال ياشاپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرگە ياردەملىشىپ يۈك توشۇپ بېرىدۇ، بىپايان قۇملۇقتا يېرىم ئايدىن كۆپرەك يول يۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق چۆل كېمىسى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۆزىنى قوغداش تۇغما ئىقتىدارى

تۆگىنىڭ كىرپىكى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، كۆزىنى كۈچلۈك ئاپتاپتىن ساقلايدۇ، قۇم - بورانلىق شارائىتتا قۇم قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ. بۇرۇن يولى بىلەن باش ئۈيۈقى نەپەسلىنىش سىستېمىسى بولۇپ، تۆگە نەپەس ئالغاندا باش ئۈيۈقى بۇرۇن بوشلۇقىدىكى ھاۋانى نەمدەپ بېرىدۇ، نەپەس چىقارغاندا ئۆپكىدىن چىقارغان ھاۋا تەركىبىدىكى سۇنى سۈمۈرۈۋالىدۇ. بۇرۇن يولى قۇم دانچىلىرىنىڭ كىرىۋېلىشىنى توسىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا بۇرۇن تۆشۈكىنى تامامەن ئېتىۋالىدۇ. تۆگىنىڭ دۈمبىسىدىكى يۇڭى تېرىنى كۈچلۈك ئاپتاپتىن ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە. سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، تۆگىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى كەچكە يېقىن 40℃قا چىقىدۇ، سەھەردە 34℃قا چۈشىدۇ.

تۆگىنىڭ دۇنيادىكى تارقىلىشى




### قوش لوكىلىق تۆگە

قوش لوكىلىق تۆگە باكتېرىيە تۆگىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىسىم قەدىمكى باكتېرىيە دۆلىتىنىڭ نامىدىن كەلگەن. قوش لوكىلىق تۆگە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدا ياشايدۇ. قوش لوكىلىق تۆگىنىڭ قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا بەرداشلىق بېرىدىغان ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، موڭغۇلىيىنىڭ قۇملۇق، چۆللۈك رايونلىرىدا، شۇنىڭدەك دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا، كىشىلەر ئۇنى كۆپلەپ بېقىپ، قاتناش قورالى قىلىپ ئىشلىتىدۇ




تۆگىنىڭ يۇڭى قويۇق، قېلىن، تېرىسىمۇ قېلىن، چىڭ بولىدۇ، شۇڭا ئۇ كۈندۈزى قاتتىق ئىسسىققا، كېچىسى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ياشايدىغان ياۋا تۆگە

### ياۋا تۆگە

ياۋا تۆگە چاتقاللىق چۆللەردە ياشايدۇ، كۆپىنچە 5 ~ 10 تۆگە بىر توپ بولۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ھەربىر توپتا بىر كۈچلۈك تۆگە باشلامچى بولۇپ يول باشلايدۇ. ئۇلار بىر سوتكىدا نەچچە ئون كىلومېتىر يول يۈرىدۇ. جىگدە، چۈچۈكبۇيا، يانتاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ، تۇزلۇق سۇنى ئىچەلەيدۇ. ياۋا تۆگە چۆلدە يۈرۈپ باشقا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالىغان، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئوۋلاپ ئۆلتۈرۈشى نەتىجىسىدە، نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ئۇ ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم كۆپىيىدۇ، ھەر قېتىمدا ئاران بىرنى تۇغىدۇ. ياۋا تۆگە ھازىر شىنجاڭنىڭ جەنۇبى، گەنسۇنىڭ شىمالى ۋە موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىي رايونلىرىدىلا ساقلىنىپ قالدى. ئۇ دۆلىتىمىز بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## تۆگىنىڭ زاپاس سۇ ساقلاش ئىقتىدارى

تۆگىدە زاپاس سۇ ساقلاش ئىقتىدارى بار ھەمدە ئۇ تەرلەشتىن ساقلىنىش ۋە كەمدىن ـ كەم سىيىش ئارقىلىق تېنىدىكى سۇنى تېجەيدۇ. لوكا تۆگىنىڭ زاپاس سۇ ساقلايدىغان ئورنىدۇر، ئەمما لوكىدىكى سۇ ھەقىقىي سۇ ئەمەس، بەلكى قېلىن ماي بولۇپ، تۆگە چۆلدە سۇ، ئوزۇقلۇق تاپالمىسا، لوكىسىدىكى زاپاس مايغا تايىنىپ داۋاملىق ھايات كەچۈرىدۇ. تۆگىنىڭ قورسىقى تويغاندا، سۇغا قانغاندا، لوكىسى كۆپۈپ چوڭىيىپ تىكلىشىدۇ، ئېغىرلىقى 20 نەچچە كىلوگرامغا بارىدۇ. ئۇزاقراق بىر نەرسە يېمىسە ياكى سۇ ئىچمىسە لوكىسى قورۇلۇپ، ئىككى ـ ئۈچ كىلوگرامغا چۈشۈپ قالىدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، بىر تۆگە ئون مىنۇت ئىچىدە 80 لىتىر سۇنى ئىچىپ بولىدۇ.



چۆلدە قۇم ـ بوران كۆپ بولىدۇ، تۆگىنىڭ ئۇزۇن كىرپىكى قۇم ـ بوراننى توسىدىغان تەبىئىي توسۇق.

تۆگىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكى ئەركىن يېپىلىپ ئېچىلىپ قۇمنىڭ كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنالايدۇ.

چۆل قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن، يېيىشكە بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى ئاز، كۆپىنچىسى تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەر. لېكىن، تۆگىنىڭ كالپۇكى چىڭ ھەم چاققان بولۇپ، تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسانلا چىشلەپ ئۈزۈپ يېيەلەيدۇ.




تۆگىنىڭ تاپىنى كالا، ئاتلارنىڭ تۇيىقىغا ئوخشىمايدۇ. تۆگىنىڭ تاپىنى بارماقسىمان بولىدۇ ھەمدە قاتتىق ئەمەس، يۈك كۆتۈرگەندە ياپىلاق ھالەتكە كېلىپ، قۇمغا پېتىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ، شۇڭا يۇمشاق قۇملۇقتا مېڭىشقا ئىنتايىن قۇلايلىق.



تۆگە تاپىنى

### تۆگىنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسى

تۆگە كۆشىگۈچى ھايۋان. كۆشەش دېگىنىمىز، يېگەن ئوزۇقلۇقنى ئاغزىغا قايتۇرۇپ چىقىرىپ، قايتا چايناپ يۇمشىتىشقا قارىتىلغان. تۆگىنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۈچ قېرىنى بار. ئۇ ئوزۇقلۇقنى چالا چايناپ 1 – قېرىنىغا يۇتىدۇ، بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئاغزىغا ياندۇرۇپ ئوبدان چايناپ 2 – ئاشقازىنىغا يۇتىدۇ، ئاخىرى 3 – ئاشقازىنىدا تولۇق ھەزىم قىلىدۇ. تۆگىنىڭ بۇ خىل ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ئۆسۈملۈكنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنى تولۇق سۈمۈرۈپ، ئۇنى ئىنتايىن ناچار شارائىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ.




جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشايدىغان لاما (قويسىمان تۆگە) بىلەن ئاتسىمان تۆگە قاتارلىقلار تۆگە خىلىغا كىرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ لوكىسى بولمايدۇ، قۇلىقى چوڭ ھەم ئۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار يەرلىك ئاھالە باقىدىغان ئاساسلىق ئۆي ھايۋانلىرى. لاما يۇڭى يۇڭ توقۇمىچىلىقنىڭ ئالىي دەرىجىلىك خام ئەشياسى.



ئافرىقىدا ياشايدىغان تۆگىنىڭ بىر لوكىسى بولۇپ، نار تۆگە دەپ ئاتىلىدۇ.





# شىر، يولۋاس، يىلپىز



شىر، يولۋاس، يىلپىز قاتارلىقلار مۈشۈك ئائىلىسىدىكى چوڭ تىپتىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردۇر. مۈشۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى شۇكى، تېنىنىڭ مۇسكۇللىرى چىڭ بولىدۇ. تېنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا ياردەم بېرىدىغان ئۇزۇن قۇيرۇقى ۋە يۈگۈرۈشكە ماھىر، كۈچلۈك پۇتلىرى، ئۆتكۈر چىشلىرى ۋە تىرناقلىرى بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇلارنىڭ ئوۋ تۇتۇپ يەپ ياشىشىغا پايدىلىق. يولۋاس قويۇق ئورماندا ياشايدۇ، سانى ئاز بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەتىۋارلىق ھايۋان. يىلپىزنىڭ جۈغى يولۋاسنىڭكىدىن كىچىك، دەرەخلىق رايونلاردا ياشايدۇ. ئافرىقىدىكى ئوتلاق ۋە يېرىم چۆل رايونلار شىرنىڭ شادلىق ماكانىدۇر.




ئەتراپتىكى يورۇقلۇق غۇۋالاشقاندا، كۆز قارىچۇقى چوڭىيىدۇ.

ئەتراپتىكى يورۇقلۇق كۈچەيگەندە، كۆز قارىچۇقى كىچىكلەيدۇ.

مۈشۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋانلاردا يورۇقلۇقنى ئاسان سېزىدىغان بىر جۈپ كۆز بار، ئوخشاش بولمىغان يورۇقلۇققا ئۇچرىسا، ئۇلارنىڭ كۆز قارىچۇقىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ.





مۈشۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋانلار يۈگۈرگەندە، تىرناقلىرىنى قىنىنىڭ سىرتىغا چىقىرىدۇ. بۇ خۇددى ئادەملەر يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا مىخلىق ئاياغ كىيىۋالغانغا ئوخشايدۇ.

ئادەتتە يول ماڭغاندا، گېپارد قاپلىنىدىن باشقىلىرى تىرنىقىنى قىنىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ.



شەرقىي شىمال يولۋىسى سىبىرىيە يولۋىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ خېيلوڭجياڭ، جىلىن ئۆلكىلىرىنىڭ تاغلىرىدا ياشايدۇ، ئۇلار ھازىر دالىدا كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ.

## ئورمان شاھى — يولۋاس

يولۋاسنىڭ پۈتۈن تېنى سېرىق ياكى قىزغۇچ سېرىق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان، بەزى تۈرلىرىنىڭ پېشانىسىدا «王» شەكلىدە ئالبالداق سىزىقلىرى بار.

يولۋاس كۆپىنچە تاڭ سەھەردە ۋە گۇگۇم چۈشكەندە چىقىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ پۇراش سېزىمى ۋە ئاڭلاش سېزىمى كۈرۈش سېزىمىگە قارىغاندا خېلىلا ئۆتكۈر. ئوۋ تۇتۇپ يېيىشتە، دەرەخلىكتە ئاستا - ئاستا ئۆمىلەپ مېڭىپ ئوۋغا يېقىنلاشقاندا، توساتتىن ئېتىلىپ چىقىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە يولۋاسنىڭ ئىزناسى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغانىدى، لېكىن ھازىر سانى ئازىيىپ كەتتى. شەرقىي شىمال يولۋىسى بىلەن جەنۇبىي جۇڭگو يولۋىسى نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ئۇلار ھازىر دۆلەت بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى

يولۋاسنىڭ تېنىدە چىرايلىق يول - يول سىزىقلىرى بار بولۇپ، ئورمان ئىچىدە ناھايىتى ياخشى نىقابلىنىش رولىنى ئوينايدۇ.



شەرقىي شىمال يولۋىسى



بۇغا يولۋاسنىڭ مەزىلىك يېمەكلىكى



ئۆتكۈر چىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شىرنىڭ ئۆتكۈر چىشى، پولات ئىلمەكتەك تىرنىقى، ناھايىتى كۈچلۈك بويىنى بار. مۈرىسى ۋە ئالدى پۇتىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك، ئالدى پۇتى بىلەن زېبرانى ئۇرسا، زېبرانىڭ باش سۆڭىكى چېقىلىپ كېتىدۇ.



يىراقتىكى ئوۋغا قاراپ تۇرغان چىشى شىرلار



## ئافرىقا ئوتلاقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى ــ شىر

شىر ئافرىقىنىڭ شالاڭ دەرەخلىك ئوتلاق رايونلىرىدا ياشايدۇ. ئۇ دۇنيا بويىچە بىردىنبىر توپ بولۇپ ياشايدىغان مۇشۇك ئائىلىسىدىكى چوڭ تىپتىكى ھايۋان. ئەركەك شىرنىڭ يايلى بار، ئۇ شىر توپىنىڭ سەركەردىسى ھېسابلىنىدۇ. بىر شىر ئائىلىسىدە ئەركەك شىر، چىشى شىر ۋە بالا شىرلار بولىدۇ. ئۇلار سۈيدۈكى بىلەن ياكى ھۆركىرەش ئارقىلىق زېمىن تەۋەلىكىنى بەلگىلەيدۇ. شىر كۆپىنچە كۈندۈزى دەم ئېلىپ، كېچىسى چىقىپ ئوۋ ئوۋلايدۇ. شىرنىڭ ئاساسلىق ئوۋ ئوبيېكتى بۆكەن كالىسى، زېبرا، ئافرىقا سۇ كالىسى قاتارلىقلار.

قىسقا مۇساپىگە يۈگۈرۈش چېمپىيونى






گېپارد يىلپىزى پۇتۇن كۈچى بىلەن تېز يۈگۈرگەندە، پۇتون تېنى ئاساسەن يەر يۈزىدىن ئايرىلغان بولۇپ، قارىماققا ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

دەرەخ ئۈستىدە ئوۋدىن ھوزۇرلانماقتا



## قىسقا مۇساپىگە يۈگۈرۈش چېمپىيونى ــ گېپارد يىلپىزى

گېپارد يىلپىزىنىڭ يۈگۈرۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، سائىتىگە 100 ~ 120 كىلومېتىر يۈگۈرەلەيدۇ، لېكىن بۇ سۈرئەتنى ئاران 1 – 2 مىنۇت داۋاملاشتۇرالايدۇ. ئوۋ تۇتۇشتا، ئاۋۋال نىشاننى بەلگىلىۋېلىپ، ئاندىن چاقماق تېزلىكىدە يۈگۈرۈپ، ئوۋغا بىر قانچە سېكۇنتتا يېتىشىۋالىدۇ. ئەگەر قىسقا ۋاقىتتا ئوۋغا يېتىشەلمىسە، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ.

## ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ماھىرى ــ يىلپىز

يىلپىز ئەڭ تېز يۈگۈرىدىغان يىرتقۇچ ھايۋان بولۇپ، دۇنيادا كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىز تاغلاردا، نۆلدىن تۆۋەن 30℃ لۇق قارلىق يەرلەردە، تروپىك بەلۋاغىنىڭ يامغۇرلۇق ئورمانلىرىدا ئۇلارنىڭ ئىزناسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يىلپىزنىڭ بېلى ئەۋرىشىم ھەم ئېلاستىكلىققا ئىگە. ناھايىتى تېز يۈگۈرەلەيدىغان بۇغا، ياۋا چوشقا، توشقان قاتارلىق ھايۋانلارمۇ يىلپىزنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايدۇ. يىلپىز تېخى دەرەخكە يامىشىش ماھىرى بولۇپ، كۆپىنچە دەرەخ ئۈستىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، دەرەخ تۆۋىدىن ئۆتكەن ھايۋانلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ.





تەڭگە گۈللۈك يىلپىز



تاغ يىلپىزى



قارا يىلپىز



قوڭۇر يىلپىز (يۇنەن يىلپىزى)

# ئېيىق

ئېيىق قورۇقلۇقتىكى ئارىلاش ئوزۇقلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى هايۋان، ئاساسلىقى مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە سوغۇق بەلۋاغ رايونلىرىدا ياشايدۇ. كىشىلەر كالانپايلىقنى ئېيىققا تەقلىد قىلىشىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئېيىقنىڭ تېنى سېمىز، پۇتلىرى قىسقا بولۇپ، قارىماققا كالانپايراق كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئېيىق كالانپاي ئەمەس، سۇ ئۈزۈشنى، دەرەخكە چىقىشنى، يۈگۈرۈشنى بىلىپلا قالماستىن، يەنە ئادەمگە ئوخشاش ئۆرە تۇرۇپ ماڭالايدۇ. كۆندۈرۈلگەن ئېيىق پولات ئارقاندا مېڭىش، توپ ئويناش قاتارلىق ئويۇنلارنى كۆرسىتەلەيدۇ.



## ئېيىقنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكى





ئېيىق سېمىز، كۈچلۈك، يول ماڭغاندا ئىغاڭلاپ ماڭىدۇ، كۆزى كىچىك، بۇرنى تومپىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ، سىرتقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئاساسلىقى پۇراش ۋە ئاڭلاش ئارقىلىق سېزىدۇ. ئېيىقنىڭ تاپىنىدا بەش تال قاتتىق تىرنىقى بار بولۇپ، ئۆڭكۈر كولاش، دەرەخكە چىقىش، دۈشمىنى بىلەن ئېلىشىش، ئولجا تۇتۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئەسقاتىدۇ. ئېيىقلار كۆپىنچە يالغۇز ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزىگە خاس زېمىن تەۋەلىكى بولىدۇ ھەمدە كېچىسى چىقىپ ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئېيىقنىڭ ئارقا پۇتى ئاساسلىقى مېڭىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا، ئارقا پۇت تاپىنى ئالدى پۇتىغا قارىغاندا قىسقا ھەم كەڭ بولىدۇ. ئالدى پۇت ئالىقىنىدا ئادەمدەك نەرسە تۇتالايدۇ، مېۋە يىغالايدۇ، يەنە گۈرجەككە ئوخشاش ئۆڭكۈر كولىيالايدۇ.



ئارقا پۇت تاپىنى



ئالدى پۇت ئالىقىنى

## قارا ئېيىق



قارا ئېيىقنىڭ جۇغى چوڭ، ئېغىرلىقى 150 كىلوگرامغىچە چىقىدۇ، قۇيرۇقى ئاران 7 – 8 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تېنى قارا تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. بوينى ۋە مۇرە قىسمىدىكى تۈكلىرى ئۇزۇنراق. ئۇنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى ناچارراق. قارا ئېيىق تاغ ئورمانلىرىدا ياشايدۇ، دەرەخكە چىقالايدۇ. سوغۇق بەلۋاغدا ياشايدىغان قارا ئېيىق ھەر يىلى 9~11 ـ ئايلاردا ھەدەپ يەپ ـ ئىچىپ ئېنېرگىيە توپلايدۇ، ئاندىن قۇرغاق دەرەخ كاۋىكى ياكى تاش ئۆڭكۈرگە كىرىۋېلىپ قىشلىق ئۇيقۇ (ئۈچەك)نى باشلايدۇ، ئىككىنچى يىلى مارت ئېيىغا كەلگەندە ئويغىنىدۇ.



قارا ئېيىق ئۈچەككە كىرگەن مەزگىلدە يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، تەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم مەزگىلدە ئارىلاپ ئويغىنىپ چىقىپ كۈنگە قاقلىنىدۇ. بوغاز قارا ئېيىق قىشلىق ئۇيقۇ مەزگىلىدە بىر ـ ئىككى ئېيىق كۈچۈكى كۈچۈكلەيدۇ، ئاندىن كۈچۈكلىرىنى ئىككىنچى يىلى باھارغىچە چالا ـ بۇلا ئويغاق ھالەتتە باقىدۇ.





ئاسىيا قارا ئېيىقىنىڭ بوغۇز قىسمىدا V شەكىللىك ئاق تۈكلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، تۇراقلىق ئىگىلىگەن زېمىن تەۋەلىكى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





قوڭۇر ئېيىق

## سالماق ھەم سېمىز قوڭۇر ئېيىق



قوڭۇر ئېيىق خام سېمىز ھەم كېلەڭسىز، كالانپاي كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بەك چەبدەس، ناھايىتى تېز يۈگۈرەلەيدۇ، ئالاھىدە ئەھۋالدا دەرەخكىمۇ چىقالايدۇ. يەيدىغان يېمەكلىكلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئارىلاش ئوزۇقلىنىدىغان ھايۋانغا كىرىدۇ. قوڭۇر ئېيىق كۈزدە دەرياغا كىرىپ سالمون بېلىق تۇتۇپ يەپ، تېنىگە ماي توپلاپ قىشتىن ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىدۇ. كۈز ئاخىرلىشاي دېگەندە، قىشلاشقا مۇۋاپىق ئۆڭكۈر ئىزدەيدۇ. قىشلاش مەزگىلىدە بىردىن ئىككىگىچە تۇغىدۇ.



شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئورماندا ياشايدىغان قوڭۇر ئېيىق شىمالىي ئامېرىكا كۈلرەڭ ئېيىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ قوڭۇر ئېيىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ۋەھشىي ئېيىق بولۇپ، بەك كۈچلۈك، تۇتۇۋالغان بۇغا ياكى ئامېرىكا ياۋا كالىسى قاتارلىقلارنى كۆچمەيلا يۆتكەپ كېتەلەيدۇ.

## ئاق ئېيىق

ئېيىقلار ئىچىدە تېنى ئەڭ چوڭى ئاق ئېيىق. قار ـ مۇز قاپلىغان شىمالىي قۇتۇپتا ياشىغاچقا، شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قۇرامىغا يەتكەن ئەركەك ئاق ئېيىقنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 370 ~ 400 كىلوگرام كېلىدۇ، پۈتۈن تېنى سۈتتەك ئاق ئۇزۇن تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭ تاپىنىدىمۇ تۈك بولىدۇ، تۈكلەر ھەم ئىسسىق ساقلايدۇ، ھەم مۇز ئۈستىدە تېيىلىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. ئاق ئېيىق ۋەھشىي، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر، قارىماققا ھەرىكىتى ئاستىدەك كۆرۈنگەن بىلەن، يۈگۈرگەندە ئادەمدىنمۇ تېز يۈگۈرىدۇ.



ئاق ئېيىق

## ئاق چۈمۈلىخور ھۇرۇن ئېيىق

ھۇرۇن ئېيىق بىر خىل كىچىك تىپتىكى ئېيىق بولۇپ، ئاساسەن ھىندىستان ۋە سىرى لانكا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئۇ ئورمانلىقتىكى ئاق چۈمۈلە قاتارلىق ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۈكلىرى ئۇزۇن، قېلىن ھەم قويۇق، كۆكرىكىدە V شەكىللىك ئاق تۈكلىرى بار. تۇمشۇقى كاناي شەكىللىك، بۇ ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يېيىشىگە پايدىلىق. ھۇرۇن ئېيىق ئاۋۋال ئاق چۈمۈلە ئۇۋىسىدىكى توپىنى پۈۋلىۋېتىدۇ، ئاندىن كانايسىمان تۇمشۇقىنى ئۇۋىغا تىقىپ، چۈمۈلىلەرنى سۈمۈرۈپ يەيدۇ.

## ھەسەلخۇمار مالايا ئېيىقى



مالايا ئېيىقى

مالايا ئېيىقىنىڭ تېنى كىچىكرەك، ئاساسەن مالايا يېرىم ئارىلى، سۇماترا قاتارلىق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئورمانلىق رايونلىرىدا ياشايدۇ. ئۇ يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى دەرەخكە ئۇۋا ياسالايدۇ. كۈندۈزى دەرەختە ئۇخلايدۇ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. مالايا ئېيىقىنىڭ تىلى ناھايىتى ئۇزۇن. ئۇ ھەسەل يېيىشكە ئاجايىپ ئامراق.



ھۇرۇن ئېيىق



# زىراپە



زىراپە ئافرىقىنىڭ تروپىك بەلۋاغ، سۇبتروپىك بەلۋاغدىكى كەڭ ئوتلاقلاردا ياشايدۇ، شۇڭا ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى تروپىك بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىدىن بۇ ھايۋاننىڭ ئىزناسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ يۈگۈرۈشكە ماھىر، تىكەنلىك دەرەخلەر ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتەلەيدۇ، دەرەخ يوپۇرمىقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. زىراپە جەمەتىدە ئوكاپى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ھايۋان بار. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋان.

زىراپىنىڭ رەڭگى، ئالا بالداق سىزىقچىلىرى ھەر خىل بولىدۇ، ياشاش ئورنى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن تورسىمانلىرىمۇ، يول - يول سىزىقسىمانلىرىمۇ بار. زىراپىنىڭ ئالابالداق سىزىقچىلىرى خۇددى ئادەمنىڭ بارماق ئىزىغا ئوخشاش بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئالا بالداق سىزىقچىلار ئۇلارنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى قىلىنىدۇ.



كۆكۆمدىكى زىراپىلەر

تورسىمان سىزىقچىلىق زىراپە

ئافرىقا

## ھايۋانات دۇنياسىدىكى گىگانت ھايۋان

زىراپىنىڭ ئېگىزلىكى 6~8 مېتىر بولۇپ، ئۇ دۇنيا بويىچە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئەڭ ئېگىز ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. زىراپە تىرىك تۇغىدىغان ھايۋان بولۇپ، بوغاز بولۇش مەزگىلى ئادەتتە 15 ئاي. زىراپە بالىسىنىڭ تۇغۇلغاندىكى بوي ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، ئېغىرلىقى 60 كىلوگرامدىن ئاشىدۇ. كېيىن كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك تېز يوغىناپ، ھەر ئايدا 5~8 سانتىمېتىر ئۆسىدۇ. چىشى زىراپە مەيلى قانچە يىراققا كەتسۇن، بىر ئورۇندا تۇغىدۇ، چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندىلا بالىسىنى خەتەرگە يولۇقمايدۇ دەپ بىلىدۇ.



زىراپىنىڭ قۇيرۇقى پاشا، چىۋىنلەرنى قورۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

زىراپىنىڭ بويىنى ئۇزۇن بولغاچقا، سۇ ئىچىشى ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ، يەنە كېلىپ، سۇ ئىچىۋاتقاندا يېقىن ئەتراپتىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئاسان ئۇچرايدۇ. زىراپە بىر قانچە ئاي سۇ ئىچمىسىمۇ نورمال ياشاۋېرىدۇ، چۈنكى ئۇلار يەيدىغان يۇمران شاخ - يوپۇرماقلارنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردا سۇ بولىدۇ.

زىراپە ئائىلىسى

www.uyghurkitap.com






## پەۋقۇلئاددە ئۇزۇن تىلى

زىراپىنىڭ تىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 46 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. ئۇ تىلى بىلەن 2 ~ 6 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دەرەخ شېخىدىكى يوپۇرماقلارنى كۈچمەيلا يۈگەپ ئېلىپ، يەنە تىلى ئارقىلىق ئېغىز بوشلۇقىغا يۆگەپ كىرگۈزىدۇ. يېتىلگەن زىراپىنىڭ ھەر كۈنلۈك ئوزۇقلىنىش مىقدارى 15 ~ 19 كىلوگرامغا بارىدۇ.



تىكەنلىك ئاق ئاكاتسىيەنىڭ يوپۇرماقلىرى زىراپىنىڭ ئەڭ ياخشى يېمەكلىكى.

يېمەكلىك توققۇز تونلۇق ۋە شىرداندا ھەزىم قىلىنىشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆسۈملۈك تالالسىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار ئۈچەي دىۋارى تەرىپىدىن سۈمۈرۈۋېلىنىدۇ.



ئوزۇقلۇقنىڭ ھەزىم بولۇش باسقۇچلىرى

زىراپە ئوتلىغاندا، خالتىسىمان چوڭ قېرىنىنى ئىمكانقەدەر شاخ ـ يوپۇرماقلار بىلەن تولدۇرىدۇ. چوڭ قېرىن نەچچە 100 مىليون باكتېرىيە بىلەن يېمەكلىكنى ئېچىتىپ دەسلەپكى قەدەمدە ھەزىم قىلىپ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا تور قېرىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

## زىراپىنىڭ قېرىنى

زىراپە كۆشىگۈچى ھايۋان، قېرىنى تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، چوڭ قېرىن (ئالدىنقى قېرىن)، ئىككىنچىسى، تور قېرىن، ئۈچىنچىسى، توققۇز تونلۇق (قاتقېرىن)، تۆتىنچىسى، شىردان (ساقىنچاق)، تۆتىنچى قېرىن «ھەقىقىي قېرىن» ھېسابلىنىدۇ، بۇ قېرىندا قېرىن بېزى قېرىن سۇيۇقلۇقى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. يېمەكلىك قېرىن سۇيۇقلۇقىنىڭ رولى بىلەن ھەزىم قىلىنىدۇ.

كۆشەپ بولۇنغان يېمەكلىك توققۇز تونلۇققا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ

تور قېرىن قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئىختىيارىغا بېقىندىغان مۇسكۇلنىڭ ياردىمى بىلەن يېمەكلىكنى ئېغىز بوشلۇقىغا چىقىرىپ بېرىدۇ، يېمەكلىك ئېغىزدا شۆلگەي بىلەن ئارىلىشىپ تېخىمۇ ھەزىم بولىدۇ، بۇ جەريان «كۆشەش» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆشەپ ھەزىم قىلغاندا، ئۆسۈملۈكنىڭ بارلىق تالالىرى ئۇنۇملۇك ئېچىدۇ ـ دە، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ شۈمۈرۈلۈشىگە پايدىلىق بولىدۇ




زىراپىنىڭ ئوزۇقلۇق ھەزىم قىلىش جەريانى






يېتىلگەن ئوكاپىنىڭ مۈرە ئېگىزلىكى 1.5 – 1.6 مېتىر، قۇيرۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 200 كىلوگرامغا يېتىدۇ، تۈكلىرى قارا قوڭۇر، پۇتىدا سۇس ئاق رەڭلىك يول ـ يول ئالا بالداقلىرى بولىدۇ.



ئوكاپى

## ئوكاپى

ئوكاپى ئافرىقىدىكى كونگونىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمان رايونىغىلا تارقالغان، زىراپە خىلىدىكى ھايۋان. ئەركىكىنىڭ تېنى چىشىسىنىڭكىدىن سەل كىچىك، كۆزىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر جۈپ قىسقا مۈڭگۈزى بولىدۇ، چىشىسىدا مۈڭگۈز يوق. ئۇلار توپلىشىپ ياشاشنى ياقتۇرمايدۇ، لېكىن ئەركەك ـ چىشىسى دائىم بىللە تۇرىدۇ، يۇمران شاخ، يوپۇرماق، ياۋا مېۋە ۋە ئۇرۇقلارنى يەيدۇ.

# بۇغا



چىپار بۇغىلار



بۇغىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. بۇغىلارنىڭ ياشاش ئورنى ئوخشىمىغاچقا، چوڭ - كىچىكلىكى، تۈكلىرىنىڭ رەڭگى ۋە مۈڭگۈزىنىڭ شەكلىدە پەرق بەك زور. بۇغا ئورماندا ياشايدۇ، تۇندرا، چۆل، چاتقاللىق ۋە سازلىق قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغانلىرىمۇ بار. بۇغا تىپىك چۆپخور ھايۋان بولۇپ، ئوت - چۆپ، دەرەخ قوۋزىقى، يۇمران شاخ قاتارلىقلارنى يەيدۇ.



## چىپار بۇغا

كۆپىنچە 10～20دىن ئارتۇق چىپار بۇغا بىللە پائالىيەت قىلىدۇ، ئادەتتە نەچچە ئون كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى چاتقاللىقتا ماكانلىشىدۇ، پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىمىسىلا كۆچمەيدۇ. ئەركەك چىپار بۇغا كۆپىنچە يالغۇز يۈرىدۇ. كۆپىيىش پەسلىدە ئەركەك چىپار بۇغىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولىدۇ، ئۇتۇپ چىققۇچى بۇغا توپىغا ئىگە بولىدۇ، كۆپىيىش مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە يالغۇز ياشايدۇ. چىپار بۇغا دۆلىتىمىزدە ئەڭ بالدۇر كۆندۈرۈپ بېقىلغان ياۋا ھايۋانلارنىڭ بىرى. چىپار بۇغا كۆپلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، ھازىر سانى ئازىيىپ كەتتى. شۇڭا، چىپار بۇغىمۇ دۆلەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.





بىر ياش　　ئۈچ ياش　　بەش ياش

## بۇغا مۈڭگۈزى ۋە بۇغىنىڭ يۇمران مۈڭگۈزى

ئەركەك بۇغىنىڭ مۈڭگۈزى بولىدۇ. يېڭى ئۆسۈپ چىققان بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ سىرتىنى بىر قەۋەت ماۋۇتتەك يۇمشاق تېرە ئوراپ تۇرىدۇ، ئىچىگە كۆپلىگەن قان تومۇرلار تارقالغان. يۇمران مۈڭگۈز قىممەتلىك دورا ھېسابلىنىدۇ. مۈڭگۈزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، قان بىلەن تەمىنلەش تەدرىجىي ئازىيىدۇ، تېرىسىمۇ قۇرۇپ چۈشۈپ كېتىدۇ. شىمالدا ياشايدىغان بۇغىلارنىڭ مۈڭگۈزى كۆپىيىش پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، تۈۋەن تەرەپتىكى تۈكلۈك ئورنىدىن ئاجراپ چۈشۈپ كېتىدۇ، ئىككىنچى يىلى ماڭلاي سۆڭىكىنىڭ ئۈستۈنكى تۈكلۈك ئورنىدىن يەنە يېڭى مۈڭگۈز چىقىدۇ



بىر - ئىككى ياش ۋاقتىدا ئۆسۈپ چىققان بۇغا مۈڭگۈزى ئاساسەن تۈز بولىدۇ. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، مۈڭگۈزى بارغانسېرى كۆپ ئاچىلىنىدۇ، قۇرامىغا يەتكەندە شەكلى تۇراقلىشىدۇ.



بۇغىنىڭ يۇمران مۈڭگۈزى





كۆپىيىش مەزگىلىدە ئەركەك بۇغا مۈڭگۈزىنى قورال قىلىپ رەقىبىنى قوغلىۋېتىدۇ، بەزىدە ھەتتا قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

## بۇغىنىڭ ياشاش ئادىتى

بۇغىنىڭ پۇتى ئۇزۇن بولۇپ، يۈگۈرۈشكە ۋە سۇ ئۈزۈشكە ماھىر. بۇغا قورقۇنچاق ھەم بەك سەزگۈر. ھەر يىلى ماي، ئىيۇن ئايلىرى مارالنىڭ تۆللەيدىغان مەزگىلى. بۇغا بالىسى تۇغۇلۇپ 30 مىنۇتتا ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىنى ئېمەلەيدۇ. بۇغىمۇ كۆشىگۈچى ھايۋان بولۇپ، قېرىنى تۆت بۆلەكتىن تەركىب تاپقان.

## شىمال بۇغىسى

شىمال بۇغىسى كۆپىنچە شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا ياشايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ خىنگان تېررىتورىيىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەردە شىمال بۇغىسىنى بېقىش ئادىتى بار. شىمالى بۇغىسىنىڭ تېنى بىر قەدەر چوڭ، قىش پەسلىدە پۈتۈن تېنىنى قېلىن يىرىك تۈكلەر قاپلايدۇ. تۇيىقىنىڭ ئەتراپىدا قىلسىمان قاتتىق تۈكلەر ئۆسكەن بولغاچقا، قاردا ئاسان ماڭالايدۇ. شىمال بۇغىسىنىڭ ئەركەك ـ چىشىسىنىڭ دەرەخ شېخىغا ئوخشاش چوڭ مۈڭگۈزى بولىدۇ، بۇغا تۇغۇلۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن مۈڭگۈز چىقىدۇ. بۇغىغا سۆرىتىلىدىغان چانا شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇھىم قاتناش قورالى


ئاق تۇمشۇق بۇغا


شىمال بۇغىسى

## ئاق تۇمشۇق بۇغا

ئاق تۇمشۇق بۇغىنىڭ تۇمشۇقىدا چەمبىرەكسىمان ئاق تېرە بار، ئۇ دۆلىتىمىزدىلا بار بولغان بۇغا تۈرى بولۇپ، دۆلەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان. ئاساسلىقى چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى، سىچۈەننىڭ غەربىي قىسمى ۋە چىلىيەنشەن رايونىغا تارقالغان. ئۇنىڭ تۈكلىرى ئۇزۇن ھەم يىرىك، ئىسسىق ساقلاش خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن ياخشى. ئادەتتە ئۇلار كىچىك توپ بولۇپ ياشايدۇ، كۆپىيىش پەسلىدە بىرلىشىپ چوڭ توپ بولىدۇ.

## قانداغاي

بۇغا جەمەتىدە قانداغاينىڭ تېنى ئەڭ چوڭ. مۆرە ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر چىقىدۇ. بۇرنى ۋە ئۈستۈنكى كالپۇكى چوڭ بولىدۇ. ئەركەك بۇغىدا بىر جۈپ ياپىلاق ھەم كەڭ مۈڭگۈز بولىدۇ. قانداغاي سۇ ئۈزۈشكە ۋە سۇغا چۆمۈلۈشكە ئامراق، سۇ ئاستىغا چۆكۈپ سۇ ئوتلىرىنى يېيەلەيدۇ. چوڭ خىنگان ۋە كىچىك خىنگاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ئاز ساندىكى قانداغايلار ياشايدۇ، ئۇ دۆلەت بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان.

## ھىندىستان چىپار بۇغىسى

ھىندىستان چىپار بۇغىسى بەستلىك، پۇتلىرى قىسقىراق، تەن ئېغىرلىقى 50 كىلوگرام ئەتراپىدا، ئەركىكىدە ئىنچىكە، ئۇزۇن، ئۈچ ئاچىلىق مۈڭگۈز بولىدۇ. كۆپىنچە يالغۇز پائالىيەت قىلىدۇ، ئاندا ـ ساندا ئىككى ـ ئۈچى بىرلىشىپ قالىدۇ، ئادەتتە كېچىسى ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئورمانلىقتا ئۇچرايدۇ. ئۇ دۆلەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان.


ھىندىستان چىپار بۇغىسى


قانداغاينىڭ مۈڭگۈزى

## ئۇزۇن قۇيرۇق بۇغا (ئېلافۇرۇس بۇغىسى)

ئۇزۇن قۇيرۇق بۇغىنىڭ بېشى ئاتنىڭكىگە، مۈڭگۈزى بۇغىنىڭكىگە، تۇيىقى كالىنىڭكىگە، قۇيرۇقى ئېشەكنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئۇزۇن قۇيرۇق بۇغا 3000 يىللار بۇرۇنلا خۇاڭخې دەريا ۋادىسىدا ياشىغان، كېيىن نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئۇزۇن قۇيرۇق بۇغا چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلۈپ قولدا بېقىلىۋاتقانلىرىدۇر، سانى ناھايىتى ئاز، دۆلەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان.


ئۇزۇن قۇيرۇق بۇغا

دۆلىتىمىزدە ئاز ئۇچرايدىغان، نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان — ئاق ساغرىلىق بۇغا



## خەيىنەن بۇغىسى

خەيىنەن بۇغىسىنىڭ تېنى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا. ئۇ سەكرەپ يۈگۈرۈشكە ماھىر، ئۇركۈپ قاچقاندا بىر ـ ئىككى مېتىر ئېگىز توسالغۇدىن ياكى ئالتە ـ يەتتە مېتىر كەڭلىكتىكى جىلغا، ئېرىق ـ ئۆستەڭدىن تاقلاپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. ئۇلار كۆپىنچە چاتقاللىق ئارىسىدا ياشايدۇ، كىچىك توپ بولۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئوتلاش ۋاقتىدا «قاراۋۇل بۇغا» قاراۋۇللۇق قىلىدۇ. خەيىنەن بۇغىسى خەيىنەن ئارىلىدىلا ئۇچرايدۇ، سانى ناھايىتى ئاز. ئۇ دۆلەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان.


خەيىنەن بۇغىسى

# مۇشۇكئېيىق

مۇشۇكئېيىق دۆلىتىمىزدىلا ئۇچرايدىغان، دۆلەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان
هايۋان، «دۆلەت گۆھىرى» دېگەن ئاتىقى بار، دوستلۇق ئەلچىسى سۈپىتىدە ياپونىيە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىت ـ
ئەسىدىكى دۆلەتلەرگە ئاپىرىلغان. ئۇنىڭ ئوماق تۇرقى دۇنيا خەلقىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولدى. دۇنيا
ياۋايى هايۋانلار فوندى جەمئىيىتىمۇ ئۇنىڭ رەسىمىنى جەمئىيەت بەلگىسى قىلىپ تاللىدى. مۇشۇكئېيىق
ئىنتايىن قەدىمىي هايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان باشقا سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارنىڭ نۇرغۇن ـ
لىرىنىڭ نەسلى ئاللىقاچان قۇرۇغان، شۇڭا ئۇنىڭ «تىرىك تاش قاتما» دېگەن نامى بار.





مۇشۇكئېيىق سېمىز، تۇكلىرىنىڭ ئاق ـ قارىسى ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، كۆزىنىڭ چۆرىسى،
قۇلىقى، ئالدى ـ كەينى پۇتى ۋە مۈرىسىنىڭ رەڭگى قارا، قالغان قىسىملىرىنىڭ رەڭگى ئاق، ئۇزۇن ـ
لۇقى 1.5 مېتىر، ئېغىرلىقى 100～180 كىلوگرام چىقىدۇ.





## مۇشۇكئېيىقنىڭ ياشاش مۇھىتى

مۇشۇكئېيىقنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، هازىر ئاران مىڭدىن ئاشىدۇ، سىچۈەن
ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمى، شەنشى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىد ـ
سىم رايونلىرىغىلا تارقالغان. بۇ جايلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000～
3000 مېتىر ئەتراپىدا، يامغۇر كۆپ، هاۋاسى نەم بولۇپ، مۇشۇكئېيىقنىڭ ئاسا ـ
سلىق يېمىكى بولغان جۇڭگو بامبۇكى ئۆسىدىغان ئورۇنلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ
جايلارنىڭ يازدىكى هاۋا تېمپېراتۇرىسى 30℃ ئەتراپىدا، قىش كۈنلىرى بولسا نۆل ـ
دىن تۆۋەن 10℃ ئەتراپىدا بولۇپ، سوغۇقتىنمۇ، ئىسسىقتىنمۇ قورقىدىغان مۇ ـ
شۇكئېيىقنىڭ ياشىشىغا بەك ماس كېلىدۇ.



مۇشۇكئېيىق سۇنى ئىنتايىن
ياخشى كۆرىدۇ، دائىم دەرياغا بېرىپ
سۇ ئىچىدۇ، سۇ ئۈزىدۇ.



## مۇشۇكئېيىقنىڭ يېمەكلىكى

تەبىئەتتە مۇشۇكئېيىق يەيدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى 40～50
كە بارىدۇ، لېكىن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى سوغۇق يەر بامبۇكى بىلەن
جۇڭگو بامبۇكى قاتارلىقلار. بامبۇكتىن باشقا، بەزىدە بامبۇك چاشقىنى
قاتارلىقلارنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ. مۇشۇكئېيىقنىڭ ئوزۇقلىنىشتا بامبۇكقا
زىيادە يۆلىنىۋېلىشى ئۇنى كرىزىسقا ئۇچرىتىشى مۇمكىن. چۈنكى، بام ـ
بۇك بەزىدە كەڭ كۆلەمدە چېچەكلەپ، قۇرۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن،
ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىز مۇشۇك ـ
ئېيىق ئۈچۈن مەخسۇس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تەسىس قىلدى.

## مۇشۇكئېيىقنىڭ ياشاش ئادىتى

مۇشۇكئېيىق بامبۇكزارلىقتا ياشايدۇ، دەرەخكە كەمدىن ـ كەم چىقىدۇ، لېكىن دەرەخكە چىقىش ماھارىتى ئىنتايىن ئۈستۈن. خەتەرگە يولۇقسا، كۆپىنچە دەرەخكە چىقىپ يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، قىش پەسلىدە ئۈچەككە كىرمەيدۇ. كۆپ ھاللاردا قار ـ مۇز ئارىسىدىن ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز، ئاڭلاش، كۆرۈش سېزىمى ناچار، پۇراش سېزىمى ياخشىراق. باھار مۇشۇكئېيىقنىڭ جورا ئىزدەش پەسلى بولۇپ، قالغان ۋاقىتلاردا يالغۇز ياشايدۇ، ئۆزىنىڭ نىسپىي تۇراقلىق پائالىيەت قىلىش دائىرىسى بولىدۇ.



ئالتە ـ يەتتە ياشقا كىرگەندە بالاغەتكە يېتىدۇ.





مۇشۇكئېيىق ئاساسەن يەر يۈزىدە ياشايدۇ، ھاۋا ياخشى كۈنلىرى دەرەخكە چىقىپ ئوينايدۇ.

## مۇشۇكئېيىقنىڭ كۆپىيىشى

مۇشۇكئېيىقنىڭ كۆپىيىشى ناھايىتى ئۆزگىچە. ئۇنىڭ جورىسىغا تەلپىي بەك يۇقىرى. بالىسىنىڭ يېتىلىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، يېرىم ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن مۇستەقىل ئوزۇقلىنىشقا باشلايدۇ، ئالتە ـ يەتتە ياشتىن كېيىن يېتىلىش مەزگىلىگە كىرىدۇ، تەبىئىي ئۆمرى 25～30 يىل. مۇشۇكئېيىقنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى ئاران%50～%70، ھازىر نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانلار ئىچىدىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان بولۇپ قالدى.



يېرىم ياش ئەتراپىدا ئاز ـ تولا يۇمران بامبۇكنى يېيەلەيدۇ.



بىر ئايلىق بولغاندىن كېيىن، تۈكلىرىنىڭ رەڭگى قۇرامىغا يەتكەندىكىسىنىڭ ھالىتىگە كىرىدۇ.



يېڭى تۇغۇلغان بالىسى ئىنتايىن كىچىك، ئاجىز بولۇپ، ئاران 90～130 گرام چىقىدۇ. ئۇزۇنلۇقى ئاران ئون نەچچە سانتىمېتىر بولۇپ، پەقەت شالاڭ، ئاق تۈكلىرى بولىدۇ، كۆزىنىمۇ ئاچالمايدۇ.



مۇشۇكئېيىق ھەر قېتىمدا بىرنى تۇغىدۇ، ئاندا ـ ساندا ئىككىنىمۇ تۇغىدۇ. ئانا مۇشۇكئېيىق بالىسىنى ئىككى ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن يېنىدىن ئايرىمايدۇ، سىرتقا چىققاندا ھاپاش قىلىۋالىدۇ.

كىچىك مۇشۇكئېيىقنىڭ تېنى چوڭ ئەمەس، ئەمما قۇيرۇقى چوڭ بولىدۇ. ناھايىتى چەبدەس بولۇپ، تولىمۇ ئوماق كۆرۈنىدۇ.



## كىچىك مۇشۇكئېيىق

كىچىك مۇشۇكئېيىق ئېنوت ئائىلىسىدىكى ھايۋان بولۇپ، تېنى مۇشۇكئېيىققا قارىغاندا خېلىلا كىچىك، ئارىلاش ئوزۇقلىنىدىغان ھايۋان. ئاساسلىقى دۆلىتىمىزنىڭ سىچۈەن، يۈننەن قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500～4000 مېتىر كېلىدىغان سۇبئالپ تاغلىرى (ئىككىلەمچى ئېگىز تاغلار)دىكى ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. نېپال، بىرمىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ ئورمانلىقلىرىدىمۇ ياشايدۇ. ئۇ ياۋاش، ئادەتتە بىرقانچىسى بىر كىچىك توپ بولۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ، دەرەخكە چىقىشقا ماھىر، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا ئۇخلاشنى، بامبۇك يوپۇرمىقى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بەزىدە ئۈسۈملۈك مېۋىسىنى، ئاندا ـ ساندا قۇش بالىسى ۋە قۇش تۇخۇمىنى يەيدۇ، لېكىن %99 يېمەكلىكى يەنىلا بامبۇك.





# مايمۇن ۋە ئادەمسىمان مايمۇن

مايمۇن بىلەن ئادەمسىمان مايمۇن پرىماتلارغا تەۋە، ھايۋانات دۇنياسىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى تۈرلەردۇر. مايمۇن ۋە ئادەمسىمان مايمۇننىڭ تۈرى كۆپ، چوڭ - كىچىكلىكى جەھەتتە پەرق بەك زور بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنىڭ چوڭ مېڭىسى تەرەققىي قىلغان؛ كۆزىنىڭ ستېرېئولۇق كۆرۈش ئىقتىدارى بار؛ باش بارمىقى باشقا بارماقلىرىغا قارىمۇ قارشى ئۆسىدۇ. پرىماتلار تۈرىدىكى ھايۋانلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئىللىق رايونلىرىغا تارقالغان، ئاساسەن تروپىك بەلۋاغ ۋە سۇبتروپىك بەلۋاغ ئورمانلىرىدا ياشايدۇ



ئورانگۇتان ئاسىيا رايونىدا ياشايدىغان ئادەمسىمان مايمۇن، تېنىنىڭ چوڭلۇقى گورىللادىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆپىنچە دەرەخلەرگە ماكانلىشىدۇ.

## پرىماتلار تۈرىدىكى ھايۋانلارنىڭ كوللېكتىپ ياشىشى

پرىماتلار تۈرىدىكى ھايۋانلار ئىچىدە كوللېكتىپ ياشايدىغانلىرى كۆپ. خەۋپكە يولۇقسا، پادىشاھ مايمۇننىڭ باشلامچىلىقىدا دۈشمەنگە تەڭ تاقابىل تۇرىدۇ. ئادەتتە دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەخسۇس قاراۋۇللۇق قىلىدىغانلىرى بولىدۇ، ئۇلار دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالسا چىرقىراپ، مايمۇن توپىغا سىگنال بېرىدۇ.



سېرىق ياللىق مايمۇن

مايمۇن يېمەكلىكنى قوۋۇزىدا ۋاقىتلىق ساقلاپ، كېيىن ئاستا - ئاستا چاينايدۇ.

## مايمۇن

مايمۇن پرىماتلار تۈرىدىكى ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ جەمەت. ھەربىر توپتا بەستلىك كەلگەن بىر مايمۇن پادىشاھى بولىدۇ. ئەركەك مايمۇنلار پادىشاھلىق ئورنىنى تالىشىپ باش - كۆزى قان بولغۇچە ئېلىشىدۇ. مايمۇننىڭ ئاڭلاش، كۆرۈش سېزىمى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، ھەرىكىتى چاققان، يامىشىشقا، سەكرەشكە ماھىر. دۆلىتىمىزدە مايمۇننىڭ ئون نەچچە تۈرى بار، سېرىق ياللىق مايمۇن، ئاقباش لانگۇر مايمۇنى، شىزاڭ مايمۇنى قاتارلىقلار دۆلىتىمىزدىلا بار بولغان تۈرلەر بولۇپ، سېرىق ياللىق مايمۇن ئەڭ ئەتىۋارلىق. يەنە پالكۆز مايمۇن، يۈننەن ماكاكاسى، ئاق ساغرىلىق لانگۇر مايمۇنى قاتارلىقلار بار. دۆلىتىمىزدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى ماكاكا مايمۇنى بولۇپ، يىڭنە يوپۇرماقلىق، كەڭ يوپۇرماقلىق ئارىلاش ئورمانلىقتا ياشايدۇ.



ماكاكا مايمۇنى

چىرقىرىغاق مايمۇن

يۈننەن ماكاكاسى

## سېرىق ياللىق مايمۇن

سېرىق ياللىق مايمۇن دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇب رايونلىرىغا تارقالغان، كۆپىنچىسى دېڭىز يۈزىدىن 500~4100 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. پۈتۈن تېنى سېرىق (كۈل رەڭ) ئۇزۇن تۈكلەر بىلەن قاپلانغان، تۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر چىقىدۇ. يۈزى كۆك رەڭگە مايىل، چىرايى يېقىملىق، بۇرنى پاناق كېلىدۇ، ئادەتتە ئون نەچچىسى ياكى نەچچە يۈزى بىر توپ بولۇپ ياشايدۇ، توپ ئىچىدە يەنە كىچىك توپلار بولىدۇ. ھەربىر توپنىڭ تۇراقلىق پائالىيەت قىلىش دائىرىسى بولىدۇ. سېرىق ياللىق مايمۇن كۆپىنچە دەرەخ يوپۇرمىقى، ياۋا مېۋە، يۇمران شاخ قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى سېرىق ياللىق مايمۇننىڭ سانى كۆپ ئەمەس، شۇڭا، دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ئاقباش لانگۇر مايمۇنى دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان. ئۇنىڭ باش قىسمى تامامەن ئاق تۈكلۈك. تروپىك بەلۋاغ ئورمانلىقىدا جەمەت بولۇپ توپلىشىپ ياشايدۇ. ئۇلار تۇرارجاينىڭ تازىلىقىغا ئىنتايىن ئېتىبار بېرىدۇ، چوڭ - كىچىك تەرەتلىرى ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدا بولىدۇ.



ئاقباش لانگۇر مايمۇنى



يۈننەن ماكاكاسىمۇ تروپىك بەلۋاغنىڭ يامغۇرلۇق ئورمىنىدا ياشايدۇ. بېشىنىڭ چوققىسىدىكى تۈكلىرى تەكشى بولىدۇ. قۇيرۇقى ئىنچىكە، قىسقا بولۇپ، تەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئاران تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۆزئارا تۈكلىرىنى ئۆزئارا تارىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## پالكۆز مايمۇن

پالكۆز مايمۇننىڭ تېنى كىچىك، كۆزى چوڭ، كېچىسى پائالىيەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كۆزەينەكلىك مايمۇننىڭ ئەكسىچە، پالكۆز مايمۇننىڭ ھەرىكىتى ئاستا، شۇڭا ھورۇن مايمۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەگەر شامال چىقسا شامالنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ دەرەخ شېخىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئورنىنى باشقا شاخقا يۆتكەيدۇ؛ شامال چىقمىسا بىر ئورۇندا تۇرىۋېرىدۇ. پالكۆز مايمۇن ھاشارات يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەرە كۆنىكىنى كولاشقا ئامراق.




كۆزەينەكلىك مايمۇننىڭ تېنى تىيىننىڭ چوڭلۇقىدا بولىدۇ، ئەمما كۆزى ناھايىتى چوڭ، كۆرۈش ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى. دەرەخلەر ئارىسىدا پاقىغا ئوخشاش تاقلاپ يۈرىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە دەرياغا يېقىن ئورماندا ياشايدۇ، كۈندۈزى دەرەخ شېخىنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ ئۇخلايدۇ، قاراڭغۇ چۈشكەندە پائالىيەت قىلىشقا باشلايدۇ.

## گىببون (ئۇزۇن بىلەك ئادەمسىمان مايمۇن)

ئادەمسىمان مايمۇنلار ئىچىدە گىببوننىڭ تېنى ئەڭ كىچىك، ھەرىكىتى ئەڭ چاققان، ئۇ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ بىر شاختىن بىر سەكرەپلا نەچچە ئون مېتىر يىراقلىقتىكى شاخقا بارالايدۇ. سۈرئىتى ئىنتايىن تېز، ھاۋادا ئۇچۇۋاتقان قۇشنى تۇتالايدۇ. دائىم ئېسىلىپ يۈرۈپ يۆتكىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى پۇتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان، ھەتتا ئۆرە تۇرغاندا ئالدى پۇتى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ.









ئىت باش مايمۇن





ئادەمنىڭ قولى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىمپەنزىنىڭ باش بارمىقى قىسقا، ئالىقان سۆڭەكلىرى ئۇزۇن بولىدۇ، بىر نەرسە تۇتقاندا باش بارمىقىنى يوشۇرۇۋالىدۇ.

## ئىت باش مايمۇن

مايمۇنلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئافرىقا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغىلا تارقالغان، كۆپ ساندىكىلىرى دەرەخلىكتە، قىيا تاشلىقتا ۋە يېرىم چۆللۈكلەردە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ توپىدا بىر سەردار ۋە بىر قانچە ئورۇنباسار سەردار بولىدۇ، كۈندۈزى سىرتقا چىقىپ ئوزۇق ئىزدەپ، كېچىسى ئۇۋىسىغا قايتىپ دەم ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقى، كەسلەنچۈك ۋە ھاشارات قاتارلىقلار.

## ئادەمسىمان مايمۇن

ئادەمسىمان مايمۇن تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈش جەھەتتە ئىنسانلار بىلەن ئەڭ يېقىن، شۇڭا ئادەمسىمان مايمۇن دەپ ئاتالغان. گىببون، ئورانگۇتان، شىمپەنزە، گورىللا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەمسىمان مايمۇنلار. ئادەمسىمان مايمۇننىڭ مايمۇندىن ئەڭ زور پەرقى شۇكى، قۇيرۇقى، قوۋۇزى بولمايدۇ. ئىنسانلار بىلەن مورفولوگىيە جەھەتتىكى ئەڭ زور پەرقى شۇكى، ئالدى پۇتى ئارقا پۇتىدىن ئۇزۇن بولىدۇ، ئالدى بىلىكى بىلەن يول يۈرۈشكە ماھىر، بارماقلىرىنى يۇمۇپ يەرگە تەگكۈزۈپ ماڭىدۇ. ئادەمسىمان مايمۇنلار ئاساسلىقى تروپىك بەلۋاغ ۋە سۇبتروپىك بەلۋاغنىڭ يامغۇرلۇق ئورمانلىرىدا ياشايدۇ




ئادەمسىمان مايمۇنلار ئىچىدە گورىللانىڭ تېنى ئەڭ چوڭ، ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر چىقىدۇ. ئافرىقىدىكى تروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمىنىدا ياشايدۇ. ئادەتتە ياۋاش، ئاچچىقى كەلسە ئىككى قولى بىلەن كۆكرىكىنى مۇشتلاپ، قاتتىق ھۆركىرەيدۇ. لېكىن، بۇ ھەيۋە قىلىپ تېرە تاراقشىتىشتىنلا ئىبارەت.




## شىمپەنزە

شىمپەنزىنىڭ بويى 1.2~1.5 مېتىر چىقىدۇ. ئافرىقىنىڭ تروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمىنىدا ياشايدۇ. ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسى ۋە يۈز قىسمىدىكى مۇسكۇللىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ھاياجانلىنىش، غەزەپلىنىش ... ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ، ئاددىي قورال ــ سايمانلارنى ئىشلىتىشنىمۇ بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئەڭ ئەقىللىق ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ توپىدا بىر ئەركەك شىمپەنزە سەردارى بولىدۇ. شىمپەنزىلەر توپلار ئارا بېرىش ــ كېلىش قىلىشىدۇ، ئانا ــ بالا ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۇزاققىچە مۇناسىۋەتنى ساقلايدۇ، پەرزەنتلىرى ئايرىم توپ بولغاندىن كېيىنمۇ، كېلىپ ئانىسىنى يوقلاپ تۇرىدۇ.

# ھەسەل ھەرىسى

ھەسەل ھەرىسى پەردە قاناتلىقلار تۈرىدىكى ھاشارات بولۇپ، كوللېكتىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان، ھاشاراتلار ئىچىدە تەدرىجىي تەرەققىيات دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى تۇردۇ. ھەسەل ھەرىسى گۇللەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ گۈل چېڭى ۋە گۈل شىرنىسى يىغىدۇ، ھەسەل ۋە سېرىق موم ئىشلەپچىقىرىدۇ. ھەسەل ھەرىسى يەنە مېۋىلىك دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ مۇھىم چاڭلاشتۇرغۇچىسىدۇر.



يىغىپ كەلگەن گۈل شىرنىسىنى ھەسەل قېرىنىغا جۇغلايدۇ.

ئىشچى ھەرىنىڭ باش قىسمىدىكى بەز تەنچىسى ھەسەل جەۋھىرى ياسىيالايدۇ.







ئىشچى ھەرىنىڭ نەشتىرى بار، نەشتىرى زەھەر خالتىسى بىلەن تۇ ـ تىشىدۇ، باشقا ھايۋانلارنىڭ تېنىگە سانجىلىپ كىرگەندە، زەھەرلىك سۇ ـ يۇقلۇقى نەشتىرى ئارقىلىق ئېقىپ كىرىدۇ. ئۇ نەشتىرىنى بىر قېتىملا ئىشلىتەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ـ زىمۇ ئۆلىدۇ.

ئېغىز ئاپپاراتى كاۋاك بولۇپ، شىرنە شوراشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئېغىز ئاپ ـ پاراتى ناھايىتى قىسقا، ئادەتتە قاتلىنىپ تۇرىدۇ، شىرنە شورد ـ غاندا ئۇزىراپ، گۈلنىڭ مەركىزىگە سانجىلىپ كىرىدۇ.

ئىشچى ھەرىنىڭ ئۆمرى قىش پەسلىدە يېرىم يىل، ياز پەسلىدە بىر ئايدىن ئارتۇقراق بولىدۇ.

### ھەرە ئۇۋىسى

يازدا ھەشەمەتلىك ھەرە كۆنىكى ھەرە توپىنىڭ ئەجرى بىلەن تېزلا يا ـ سىلىدۇ. ھەرە كۆنىكى ئىنتايىن ئىل ـ مىي ۋە ئەپچىل ـ سىپتا ياسالغان، ھەربىر ئۇۋا بۆلۈمچىسى مۇنتىزىم ئالتە تەرەپلىك بولۇپ، مېخانىكا تۈزۈ ـ لۈشى مۇۋاپىق، بوشلۇقتىن تولۇق پايدىلىنىلغان، ھەرىلەرنىڭ توپلىشىپ ياشىشىغا ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىر ئۆلچەملىك ھەرە كۆنىكى 50 مىڭچە ھەرىگە يېتىدۇ.

ھەسەل ھەرىلىرى كۆپىنچە دەرەخ غولى ياكى دەرەخ شېخىغا ئۇۋا ياسايدۇ.




ئانا ھەرە تۇخۇم تۇغۇۋاتقاندا، نۇر ـ غۇنلىغان ئىشچى ھەرە يېنىدا تۇرۇپ كۈتىدۇ. ئانا ھەرە بىر كۈندە مىڭ تۇخۇم تۇ ـ غالايدۇ.

### ئىش تەقسىماتى پۇختا ھەسەل ھەرە پادىشاھلىقى

ھەسەل ھەرىلىرى كوللېكتىپ جەمئىيەت بولۇپ ياشايدۇ، بىر ھەسەل ھەرە توپى مۇكەممەل پادىشاھلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ پادىشاھلىق ئانا ھەرىنى مەركەز قىل ـ غان، ئىش تەقسىماتى پۇختا، ھەرقايسىسى ئۆز ۋەزىپى ـ سىنى ئۆتەيدۇ. ئەركەك ھەرە باھاردا پەيدا بولىدۇ، ئانا ھەرە بىلەن چېتىشىپ بولغاندىن كېيىن، يازدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئىشچى ھەرە ياز بويى ئالدىراش بولۇپ كېتى ـ دۇ، ئۇۋا ياسايدۇ، گۈل چېڭى يىغىدۇ... ئىشچى ھەرىلەر يىغىپ كەلگەن گۈل شىرنىسى ۋە گۈل چېڭىنى قىشتا يېيىش ئۈچۈن يىغىپ ساقلاپ قويىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ئانا ھەرە

بىر ھەسەل ھەرە پادىشاھلىقىدا بىرلا ئانا ھەرە بولىدۇ. ئۇ ھەرە كۆنىكىدىكى ئالاھىدە بۆلۈمچىدە تۇرىدۇ. ئۇ ئەۋلاد قالدۇرۇشقا مەسئۇل، شۇڭا ياخشى كۈتۈلىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ. ئۇنىڭ يېمەكلىكى ھەسەل جەۋھىرى بولۇپ، ئانا ھەرە سۈتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەسەل جەۋھىرىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى. ئىككىنچى يىلى باھار ئۇۋىدا ئەگەر بىرلا ۋاقىتتا ئىككى چىشى ھەرە ئۇچۇم بولسا، ئۇلار بىر مەيدان قاتتىق ئېلىشىدۇ، قايسىسى قارشى تەرەپنى چېقىپ ئۆلتۈرسە، شۇ ئانا ھەرە بولالايدۇ. يېڭى ئانا ھەرە سىرتقا چىقىپ ئەركەك ھەرە بىلەن چېتىشىپ، تۇخۇم تۇغۇپ ئەۋلادىنى كۆپەيتىدۇ. ياشانغان ئانا ھەرە بىرمۇنچە ئىشچى ھەرىلەرنى باشلاپ ئۇۋىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، باشقا يەردە پادىشاھلىقىنى قۇرىدۇ.



ئانا ھەرە تۇغقان تۇخۇملىرىدىن ھەرە بالىسى چىقارغاندا، ئىشچى ھەرىلەر كۆڭۈل قويۇپ كۈتىدۇ.






ئىشچى ھەرە تۇغۇلۇپلا جەزمەن توختىماي ئىشلىشى كېرەك، ئۇ ئۇۋىدا گۆدەك ھەرىلەرنى كۈتۈپلا قالماستىن، يەنە سىرتقا چىقىپ گۈل چېڭى يىغىدۇ.

## ئۇسسۇل ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزۈش

ھەسەل ھەرىلىرى قانىتىنى قېقىپ، ئوخشاشمىغان ئۇسسۇل شەكلى ئارقىلىق ئۇچۇرنى ئىپادىلەيدۇ. «8» شەكىللىك يۆنىلىش بويىچە ئۇچسا، ھەمراھلىرىغا شىرنىلىك گۈللەرنىڭ يىراقراق جايدا ئىكەنلىكىنى ھەمدە قايسى يۆنىلىش بويىچە ئۇچسا بولىدىغانلىقىنى؛ چەمبەر شەكىل ياساپ ئالدىغا قاراپ ئۇچسا، شىرنىلىك گۈللەرنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى 25 مېتىر دائىرە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغانلىقى بولىدۇ.




## ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۈشەندىسى — سېرىق ھەرە

سېرىق ھەرە شىرنە يىغمايدۇ، بەلكى باشقا ھەرە ئۇۋىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ھەسەل ھەرىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ لىچىنكىلىرىنى بۇلاپ ئۆزىنىڭ باللىرىنى باقىدۇ. سېرىق ھەرە ئادەمنى چېقىۋالسا، ئۆلۈم خەۋپى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. سېرىق ھەرە ئۇۋىسىنى دەرەخكە ياكى تۇپراققا ياسايدۇ. ئۇۋىسىنىڭ تۈزۈلۈشى يۇمىلاق بولۇپ، يۇمىلاق پانۇسقا ئوخشايدۇ. ئۇۋىسى ناھايىتى پۇختا بولىدۇ، ئۇنى چايناپ پارچىلىغان دەرەخ قوۋزىقىنى شۆلگىيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياسايدۇ.






# كېپىنەك

150 مىڭ خىل ھاشارات ئىچىدە كېپىنەك بىر خىل ئالاھىدە ھاشاراتلار گۇرۇپپىسى بولۇپ، كېچىسى مۆكۈنۈۋېلىپ كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىدىغانلار ۋە كۈندۈزى مۆكۈنۈۋېلىپ كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغانلار دەپ ئىككى چوڭ خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى خىلنىڭ بۇرۇتچىسى سىلىق بولىدۇ، ئۇچى توپ كالتىكىگە ئوخشايدۇ؛ كېيىنكى خىلنىڭ تېنى قاۋۇل، يۇمشاق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان بولىدۇ، شۇڭا كېچىدىكى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.



## كېپىنەكنىڭ ھالەت ئۆزگەرتىشى

كېپىنەكمۇ قۇش ۋە يەر باغىرلىغۇچىلارغا ئوخشاش تۇخۇم بىلەن كۆپىيىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى كېپىنەكلەرنىڭ يېتىلگەن قۇرتى تۇخۇمدىن بىۋاستە باسۇرۇلۇپ چىقماستىن، بەلكى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر يېتىلىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ، بۇ «ھالەت ئۆزگەرتىش» دەپ ئاتىلىدۇ. كېپىنەكنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىيلىكىدىكى ئەڭ ئۇزۇن باسقۇچ قىش پەسلىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئۇ تۇخۇم بولۇشى، تۈكلۈك قۇرت بولۇشى، قورچاق بولۇشى، ھەتتا يېتىلگەن قۇرت بولۇشىمۇ مۇمكىن.







لىچىنكا تۇخۇم شاكىلىنى تېشىپ چىقىدۇ.




لىچىنكا تۈكلۈك قۇرتقا ئايلىنىدۇ.

## كېپىنەكنىڭ ھايات مۇساپىسى

كېپىنەكنىڭ ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر كېپىنەك تۇغقان تۇخۇمدىن باشلىنىدۇ. كېپىنەك بىر قېتىمدا كۆپ بولغاندا 4000، ئاز بولغاندا 100دىن ئارتۇق تۇغىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن تۇخۇم لىچىنكىغا ئايلىنىدۇ، لىچىنكا چوڭىيىپ تۈكلۈك قۇرتقا ئايلىنىدۇ. كېپىنەك لىچىنكىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپى ئۆرۈقلۇق ئۆسۈملۈك ۋە دەل - دەرەخلەرگە زىيان سالىدۇ. تۈكلۈك قۇرت باشقا قۇرتلارغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچى قەۋىتى ئىچىدە يېتىلەلمەيدۇ، شۇڭا تۆت ياكى بەش قېتىم پوست تاشلاپ، ئاندىن قورچاق دەۋرىگە كىرىدۇ. قورچاقنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىدىغان يولى ھاۋا تۆشۈكىدۇر. ئۇ يېتىلگەن قۇرتقا ئايلىنىشتىن بۇرۇن، تاشقى شەكلى جەھەتتە يېتىلگەن قۇرتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلاپ بولىدۇ، قاناتلىرى، بۇرۇتچىلىرى، شۇنىڭدەك قورساق قىسمىدىكى ئەزالىرى يېتىلىپ بولىدۇ. غوزىسىدىن ئۆمىلەپ چىققان يېتىلگەن قۇرتنىڭ قورچاق دەۋرى ئاخىرلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېپىنەك دۇنياغا كېلىدۇ.

كېپىنەكنىڭ ھالەت ئۆزگەرتىش جەريانىدا يېتىلگەن قۇرتى، تۈكلۈك قۇرتى ياكى قورچىقىنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۇسۇللىرى بار. تۈكلۈك قۇرت ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى تېنىدىكى تىكەنسىمان تەڭگىچىلىرى ياكى ھەيۋىسى ئارقىلىق قورقۇتۇپ قاچۇرىدۇ. كېپىنەك ئۆزىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش رەڭگى ئارقىلىق دۈشمىنىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.



دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق كېپىنەك — نۇرلۇق ئايال ئىلاھ كېپىنىكى



سېرىق داغلىق باھار كېپىنىكى



يېشىل قانات پاپىلىئوكسوتوس كېپىنىكى



سۆسۈن ۋانېسكا كېپىنىكى



كۆك شەيتان پاپىلىئوكسۇتوس كېپىنىكى



زەھەرلىك پاپىلىئوكسۇتوس كېپىنىكى



برازىلىيىنىڭ مەشھۇر كېپىنىكى — تۇندىكى مەرۋايىت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# كېپىنەكنىڭ تارقىلىشى

جەنۇبىي قۇتۇپ، شىمالىي قۇتۇپ، قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان چۆل ۋە يىل بويى قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان رايونلاردىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئورمان، ئوتلاق، چاتقاللىق، سازلىق ۋە قۇرغاق رايونلارنىڭ ھەممىسىدىن كېپىنەكلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كېپىنەكلەر قىش پەسلىدە قۇشلارغا ئوخشاش كىلىماتى ئىللىق جايلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ. شاھ كېپىنەك شىمالىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن مېكسىكىغا ئۇچۇپ بارىدۇ، يول مۇساپىسى 3000 كىلومېتىرغا بارىدۇ. ھەربىر تۈردىكى كېپىنەك كىلىمات، ئۆسۈملۈك، يېمەكلىك قاتارلىق جەھەتلەردىن ياشاش شارائىتىغا ماسلاشقاندىلا، ئاندىن ياشىيالايدۇ، كۆپىيەلەيدۇ.





ئىت يۈزلۈك كېپىنەك



مېيخۇاگۇل خرۇستال كۆزلۈك كېپىنەك



مۇشۇكياپىلاقسىمان كېپىنەك



سۆلەتۋاز كېپىنەك



سۆسۈن ئەتىرگۈلسىمان باھار كېپىنىكى



شاكىلىدىن چىققان كېپىنەك قانىتىنى بىرقانچە قېتىم قېقىپ قۇرۇتىدۇ، ئاندىن ئۇچىدۇ.

كېچىسى مۆكۈنۈۋېلىپ كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىدىغان ئەركەك ـ چىشى كېپىنەكلەر قانىتىنىڭ رەڭگى ئارقىلىق قارشى تەرەپنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. كۈندۈزى مۆكۈنۈۋېلىپ كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان كېپىنەكلەر پۇراققا تايىنىپ جورا ئىزدەيدۇ. ئەركەك كېپىنەكنىڭ تۈكلۈك بۇرۇتچىسى پۇراق چىقىرىپ چىشى كېپىنەكنى جەلپ قىلىدۇ.



چىشى ـ ئەركەك كېپىنەكلەر بەزىدە جۈپ ـ جۈپ بولۇپ بىللە ئۇچۇپ، بىللە قونىدۇ.



كېپىنەك قورچاق شاكىلىنى تېشىپ يارىدۇ.






پوست تاشلاپ ئۆسۈش



چوڭ پاپىلىئوكسۇتوس كېپىنىكى



قانىتىدا ئىككى دانە «8» بار «88» كېپىنەك



تۆت قويرۇقلۇق قوڭغۇر باھار كېپىنىكى



كۆك چاقناق كېپىنەك



ساھىبجامال كېپىنەك



گۈللۈك ئېتەكلىك ۋانېسكا كېپىنىكى



## ئۆمۈچۈك

ئۆمۈچۈك بوغۇم پۇتلۇق هايۋانلارغا تەۋە، يەر شارىغا ناهايىتى كەڭ تارقالغان. كۆپ ساندىكى ئۆمۈچۈكلەر گۆشخور بولۇپ، هاشارات تۇتۇپ يەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىرىك هاشاراتنىلا يەيدۇ. ئۆمۈچۈك تور توقۇش ئارقىلىق يېمەكلىك تۇتىدۇ، لېكىن تور توقۇمايدىغان ئۆمۈچۈكلەرمۇ بار. ئېتىزلىقلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان نەچچە ئون خىل ئۆمۈچۈك بار، ئۇلار زىيانداش هاشارatلارنىڭ كۈشەندىسى بولۇپ، ئۇلارنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك.






### ئۆمۈچۈكنىڭ هايات مۇساپىسى

ئۆمۈچۈك تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدىغان هايۋان. ئۆمۈچۈك تۇخۇمى باستۇرۇلۇش جەريانىدا، ئاۋۋال لىچىنكىغا ئايلىنىدۇ، ناهايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە لىچىنكا قورچاققا ئايلىنىدۇ، ئاندىن بالا ئۆمۈچۈككە ئايلىنىدۇ. بالا ئۆمۈچۈك ئانىسىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ يېمەكلىك ئىزدەيدۇ. ئۇ بىرقانچە قېتىم پوست تاشلىغاندىن كېيىن، شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئاساسىي جەهەتتىن تۇراقلىشىپ، ئۆمۈچۈك بولۇپ يېتىلىدۇ.



### چايان

چايان ئۆمۈچۈك بىلەن ئوخشاش تۈردىكى هايۋان بولۇپ، تۆت جۈپ پۇتى بار. لېكىن، چاياننىڭ كۆكرىكىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئۆمۈچۈكنىڭكىگە ئوخشاش سېزىش پۇتى بولماستىن، ئىككى قىسقۇچ پۇتى بار. قۇيرۇق قىسمىدا بىر تال زەهەرلىك تىكىنى بار بولۇپ، زەهەرلىك سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرالايدۇ. چايان ئامبۇردەك قىسقۇچ پۇتى بىلەن هاشارات قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ تەن سۇيۇقلۇقىنى شورايدۇ، زەهەرلىك تىكىنى ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدايدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئۆمۈچۈك ئالدى بىلەن بىرىنچى يىپىنى تارتىپ، ئۇنى «كۆۋرۈك» قىلىدۇ. بۇ كۆۋرۈكتىن پايدىلىنىپ ئىككىنچى يىپىنى بوشراق قىلىپ تارتىدۇ.



تىرەش نۇقتىسىدىن باشلاپ بىر يىپ تارتىپ، ئۇنى پۈتۈن تورنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. كېيىن توقۇلىدىغان تور مۇشۇ ئاساستا كېڭەيتىلىدۇ.



ئۆمۈچۈك بوشراق يىپقا ئېسىلىۋېلىپ، يەنە بىر تىرەش نۇقتىسىنى تېپىپ رامكا يىپىنى تارتىدۇ.



تورنىڭ رامكىسى پۈتكەندىن كېيىن، مەركىزىدىن باشلاپ شالاڭ بۇرمىسىمان يىپلارنى تارتىدۇ. ئاخىرىدا بىرقەدەر زىچ بۇرمىسىمان يىپلار بىلەن توقۇشنى تاكى تور پۈتكۈچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

## ماھىر توقۇمىچى

تور توقۇش ئۆمۈچۈكنىڭ ئالاھىدە تۇغما قابىلىيىتى. ئۇ تور توقۇشقا باشلىغاندا، ئالدى بىلەن ئىككى مۇھىم تىرەش نۇقتىسىنى تېپىپ، ئاندىن ئىككى نۇقتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. تىرەش نۇقتىسىنىڭ ئورنى ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، تور توقۇشنىڭ تەرتىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىدە ئۆمۈچۈك تاكى مۇۋاپىق تىرەش نۇقتىسىنى تاپقۇچە شامال رايى بويىچە پۇلاڭلاپ تۇرىدۇ؛ بەزىدە يىپنىڭ بىر بېشىنى تۇراقلاشتۇرۇۋالىدۇ، ئاندىن يىپنى بويلاپ تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشۈپ، يەر يۈزىدە تۇراقلاشتۇرىدىغان بىر نەرسە يولۇقسا، ئۇنى تايىنىش نۇقتىسى قىلىپ، يىپنى يەنە بىر يەرگە تارتىدۇ، تورنىڭ يىپلىرى قۇرۇپ يېپىشقاقلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، قايتىدىن بىر يېڭى تور توقۇيدۇ.

## ئۆمۈچۈكنىڭ تېنى

ئۆمۈچۈكنىڭ تېنى باش ـ كۆكرەك قىسمى ۋە قورساق قىسمى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى قىسىم قورساق سېپى ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر جۈپ قىسقۇچ پۇتى بولىدۇ، قىسقۇچ پۇتنىڭ ئۇچىدا زەھەر چىشى بولىدۇ. قىسقۇچ پۇتنىڭ يېنىدا، كۆكرەك قىسمىدا يەنە تۆت جۈپ پۇتى بولىدۇ، پۇتنىڭ ئۇچىدا قاتتىق تىرنىقى بولىدۇ. ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇش ئەزاسى تور توقۇش ئاپپاراتى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئۆمۈچۈكنىڭ قورساق قىسمىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان. بەزى ئۆمۈچۈكلەردە بىر تور توقۇش ئاپپاراتى، بەزىلىرىدە بىرقانچە تور توقۇش ئاپپاراتى بولىدۇ.

سەگەنچۈك شەكىللىك تور

ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك تور

ئۆمۈچۈكنىڭ قىسقۇچ پۇتىنىڭ ئۇچى زەھەرلىك سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ ياكى تورغا چۈشكەن ئوۋنى ئۆلتۈرىدۇ









### ئوزۇقلۇق تۇتۇش قورالى

ئۆمۈچۈكنىڭ قورساق قىسمىدا ئالاھىدە سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بەز تەنچىسى بار. بۇ خىل سۇيۇقلۇق ئۆمۈچۈكنىڭ توقۇش ئاپپاراتى تەرىپىدىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، ھاۋاغا يولۇقۇپ قېتىپ يىپقا ئايلىنىدۇ. ئۆمۈچۈكنىڭ يىپى ئىنتايىن ئىنچىكە، لېكىن ئىنتايىن چىڭ، ئوخشاش توملۇقتىكى پولات سىم بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆمۈچۈك يىپىنىڭ چىڭلىقى پولات سىمنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسىدىن ئارتۇق يۇقىرى. توردا يېپىشقاق سۇيۇقلۇق بولىدۇ، ھاشاراتلار تورغا تېگىپ كەتسە، قانچە جان تالاشقان بىلەنمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

ئۆمۈچۈك ئوۋنى قىسقۇچ پۇتى ۋە سېزىش پۇتى بىلەن تۇتۇۋالىدۇ، ئاندىن زەھەرلىك سۇيۇقلۇقنى ئولجا تېنىگە كىرگۈزۈپ جىمىقتۇرغاندىن كېيىن، مەززە قىلىدۇ. بەزى ئۆمۈچۈك زەھەر چىشىنى ئوۋنىڭ تېنىگە سانجىپ، ئۆز تېنىدىكى ھەزىم قىلىش فېرمېنتىنى كىرگۈزىدۇ، ئوۋ تېنى سۇيۇقلانغاندىن كېيىن، ئۇنى شوراپ يەۋېتىدۇ.





### ئۆمۈچۈكنىڭ كۆزى

ھاشاراتلارنىڭ مۇرەككەپ كۆزىگە ئوخشىمايدىغىنى، ئۆمۈچۈكنىڭ كۆزى ئاددىي كۆزگە كىرىدۇ. كۆپ ساندىكىلىرىدە سەككىز كۆز بولىدۇ، ئالتە كۆزلۈك، تۆت كۆزلۈك، ئىككى كۆزلۈكلىرىمۇ بار؛ يەنە بەزى ئۆمۈچۈكلەر قارىغۇ بولۇپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ.







# قۇش

قۇش — تۇخۇم تۇغۇش ئۇسۇلى بىلەن كۆپىيىدىغان تۇراقلىق تېمپېراتۇرىلىق ئومۇرتقىلىق هايۋان. ئۇلار- نى دۇنيانىڭ هەممە جايىدا كۆرگىلى بولىدۇ. مەيلى شەھەر - يېزا، قىشلاق، ئېگىز تاغ، ئورمان، چۆل، تاغ ئۆڭكۈرى بولسۇن ياكى قۇرۇقلۇقتىن يىراق دېڭىز - ئوكيانلار، شۇنىڭدەك يەر شارىنىڭ ئىككى قۇتۇپ رايونى بولسۇن، هەممە يەردە قۇشلارنىڭ ئىزناسى بار. دۇنيادا هازىر بار بولغان قۇشلارنىڭ تۈرى 9000دىن ئارتۇق.









قۇشلار ئېگىزلىكتە ماددا ئالماشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، هاۋا خالتىسىدا ساپ هاۋا ساقلايدۇ. هاۋا خالتىسى يەنە قۇشلارنى جىددىي هەرىكەتتىن كېيىن تېزلا ئارامغا چۈشۈرىدۇ.

قۇشنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشى تېز، هەزىم قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، شۇڭا كۆپ يەيدۇ.

قۇشنىڭ سۆڭىكى ناهايىتى قاتتىق، ئىچىدە يىلىكى يوق، سۆڭەك ئىچى هەرە كۆنىكىدەك كاۋاك بولىدۇ، كاۋاك هاۋاغا تولغان. سۆڭەكنىڭ بۇ خىل تۈزۈلۈشى قۇشنىڭ لەيلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

قۇشنىڭ چىشى بولمايدۇ، يېگەن يېمەكلىكى تاشلىقىدا ئېزىلىپ ئۇششاقلىنىدۇ.

پەي شاخچىسىنىڭ ئۇچىدىكى ئۇششاق ئىلمەكچىلىرى باشقا پەي شاخچىلىرى بىلەن تۇتىشىپ، ياپىلاق هەم ئېلاستىكلىققا ئىگە پەي ياپراقچىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## پەينىڭ رولى

چوڭ - كىچىكلىكى ۋە تۈرى ئوخشاش بولمىغان قۇشلارنىڭ پېيىنىڭ ئاز - كۆپلۈكمۇ ئوخشىمايدۇ، ئاز بولغاندا 1300 تال پەي بولىدۇ، كۆپ بولغاندا 10 مىڭ تالدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئادەتتە قانىتىدىكى پەي ئازراق بولىدۇ. قۇش تېنىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇندىكى پەيلىرىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، چوڭ - كىچىكلىكى جەھەتتىمۇ پەرق ناهايىتى زور. ئۇزۇنراق، تۇم پەي ئۇچۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئىنچىكىرەك، يۇمشاق تىۋىتسىمان قىسقا پەيلەر ئىسسىق ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ پۈتۈن تېنىنى قاپلاپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى پەيلەر سۇنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ قۇيرۇقىدىكى پەيلەر تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. پەيلەرنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولمايدۇ، قۇشلار پەيلىرى ئارقىلىق هەم نىقابلىنىپ قوغدىنالايدۇ، هەم ئۆز تۈرىدىكى قۇشلارغا ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىپ، يات جىنسىتىكىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ.



يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى ناهايىتى كۈچلۈك، ئۈستۈنكى جاغ تۇمشۇقى ئاستىنقى جاغ تۇمشۇقىدىن ئۇزۇن هەم ئىلمەكسىمان بولىدۇ.



دېڭىز - ئوكيان قۇشلىرىنىڭ تۇمشۇقى تۇم هەم تۈز، ئۇچى ئۈچلۇق بولۇپ، بېلىق خىلىدىكى يېمەكلىكلەرنى تۇتۇش، پارچىلاشقا ئەپلىك.





قۇشقاچلارنىڭ تۇمشۇقى كونۇس شەكىللىك بولۇپ، ئۇرۇقنىڭ قاتتىق شاكىلىنى چوقۇلاپ يېرىشقا ئەپلىك.



تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ تۇمشۇقى ئۇزۇن قىسقۇچقا ئوخشاش بولۇپ، دەرەختىكى قۇرتلارنى تۇتۇشقا ئەپلىك.



شاتوتىنىڭ تۇمشۇقى قىسقا هەم ئۈچلۇق، ئۈستى تۇمشۇقى ئىلمەككە ئوخشايدۇ.



ياۋا غازلارنىڭ تۇمشۇقى چوڭ هەم ياپىلاق بولىدۇ.

## خىلمۇخىل قۇش تۇمشۇقلىرى

قۇشلارنىڭ يېمەكنىڭ تۈرلىرى ۋە يېيىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا، تۇمشۇقىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ قۇرت تۇتۇشقا، بەزىلىرىنىڭ دانلاشقا ماس كېلىدۇ.



كۆكقوتاننىڭ تۇمشۇقى تۈز، ئۇزۇن هەم يانغا ياپىلاق، ئىككى يېنىدا تار ئېرىقچىسى بولىدۇ.



لەيلەكلەرنىڭ تۇمشۇقى تۈز هەم ياپىلاق، ئىككى يېنىدا ئېرىقچىسى يوق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## قۇش چاڭگىسى

قۇشنىڭ چاڭگا ياسىشى ئۆزىنىڭ يېتىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى تۇغقان تۇخۇملىرىنى ئىسسىق ساقلاپ بېسىپ بالا چىقىرىش ھەمدە تۇخۇم ۋە چۈجىلىرىنى كۈشەندىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاش ئۈچۈن بولىدۇ. دەرەختە ياشايدىغان كۆپ ساندىكى قۇشلار دە-رەخنىڭ ئاچىسىدا شاخ، ئوت - چۆپ غولى، پەي قاتارلىقلاردىن پايدىلى-نىپ چاڭگا ياسايدۇ؛ بەزى سۇ قۇشلىرى قومۇش، يېكەن قاتارلىقلارنى سۇندۇرۇپ، سۇ يۈزىدە تەخسىسىمان لەيلىمە چاڭگا ياسايدۇ؛ بەزى يىرتقۇچ قۇشلار دەرەخ كامىرى ياكى تاش ئۆڭكۈرگە چاڭگا ياسايدۇ. بەزى قۇشقاچ خىلىدىكى قۇشلار سىپتە چاڭگىلارنى توقۇپ، ئۇنى دەرەخ شېخىغا ساڭگىلىتىپ ئېسىۋالىدۇ ياكى دەرەخ ئاچىسىغا ياسىۋالىدۇ.



دەرەخكە ساڭگىلىتىپ ياسالغان خال-
تىسىمان سىپتا چاڭگا



قارلىغاچ لاي،
ياۋا ئوت - چۆپلەردىن،
پېشايۋانلارغا لاي چاڭگا
ياسايدۇ.



ئوت - چۆپ غولى بىلەن يەر ئۈس-
تىگىلا سېلىنغان يېڭى چاڭگا



دەرەخ شېخى ۋە
ئوت - چۆپ غولى
بىلەن توقۇپ ياسال-
غان سېۋەتسىمان
چاڭگا



قارنا (باقلان) دەرەختە
ياۋا ئوت - چۆپ، دەرەخ شاخ-
لىرى بىلەن چاڭگا ياسايدۇ.



ھاشارات تۇتۇۋاتقان
ئانا قۇش

چاڭگىسىدا ئوزۇق-
لۇققا تەشنا بولۇپ ۋى-
چىرلىشىۋاتقان قۇش با-
لىلىرى.

## قۇشلارنىڭ كۆپىيىشى

قۇش تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدىغان ھايۋان. چىشى قۇش تۇخۇم تۇغىدۇ، ئاندىن چىشى قۇش ياكى ئەركەك قۇش ۋە ياكى چىشى - ئەركەك ھەر ئىككىسى نۆۋەت بىلەن بىلەن تۇخۇم باسىدۇ. ئۇرۇقلانغان تۇخۇم تۇراقلىق تېمپېراتۇرىدا يېتىلىپ تۆرەلمىگە ئايلىنىدۇ. تۆرەلمە بىر مەزگىل باسۇرۇلغاندىن كېيىن تەدرىجىي يېتىلىپ قۇشقا ئايلىنىپ، ئاخىر شاكىلىنى يېرىپ تۇخۇمدىن چىقىدۇ.



تۇخۇم بېسىۋات-
قان دېڭىز قۇشى





كۆپىنچە قۇشلارنىڭ
چىشىسى تۇخۇم باسىدۇ.
ئوخشاش بولمىغان قۇشلار-
نىڭ تۇخۇم بېسىش ۋاقتى
ئوخشاش بولمايدۇ، مەسى-
لەن، بورانقۇشنىڭ ئۈچ
ئاي، تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ
ئاران ئون كۈن ئەتراپىدا
بولىدۇ.



ھەر خىل قۇشنىڭ تۇخۇمىنىڭ
ئىچكى تۈزۈلۈشى ئاساسەن ئوخشاي-
دۇ، ھەممىسىدە تۇخۇم سېرىقى، تۇ-
خۇم ئېقى بولىدۇ، تۇخۇمنىڭ بىر
ئۇچىدا ھاۋاخانىسى بولىدۇ.

قۇش بالى-
لىرى شاكا-
لىنى يېرىپ
تۇخۇمدىن
چىقىدۇ.




تۆرەلمە تەدرىجىي يېتىلىپ
چۈجە قۇشقا ئايلىنىدۇ.

تۆرەلمە ھاسىل
بولىدۇ.

ئۇرۇقلانغان تۇخۇم



ئوخشاش بولمىغان قۇشلارنىڭ
تۇغىدىغان تۇخۇم سانى، تۇخۇمنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكى، رەڭگى قاتار-
لىقلار ئوخشاش بولمايدۇ.



بورانقۇش دېڭىز ـ ئوكياندىكى يۇقىرى ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇزۇقلۇق ئىزدەيدۇ.

قارلىغاچ كۆكتە لەيلەپ پەسلەپ ئۇچىدۇ.



كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈت

دېڭىز قۇشلىرى ۋە يىرتقۇچ قۇشلار پەرۋاز قىلىشقا ئادەتلەنگەن، چۈنكى ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىت، ئۇزۇن مۇساپىگە ئۇچۇشقا توغرا كېلىدۇ



يۇقىرى ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمى

## قۇشلارنىڭ ئۇچۇشى

قۇشلارنىڭ لەيلەپ پەسلەپ ئۇچۇش، قانات قېقىپ ئۇچۇش، پەرۋازقىلىپ ئۇچۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇچۇش ئۇسۇلى بار. لەيلەپ پەسلەپ (شۇڭغۇپ) ئۇچۇش ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇچۇش ئۇسۇلى، بۇ خىل ئۇچۇشتا قۇش قانىتىنى ھەرىكەتلەندۈرمەستىن، ئۆزىنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى ۋە قانىتى ئۇچرىغان لەيلىتىش كۈچىگە تايىنىدۇ. قانات قېقىپ ئۇچۇش قۇشلارنىڭ ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچۇش ئۇسۇلى، قاناتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئەڭ ئاز ئېنېرگىيە بىلەن ئەڭ يۇقىرى تېزلىككە ئېرىشىدۇ. كىچىك تىپتىكى قۇشلارنىڭ ھەممىسى قانات قېقىپ ئۇچىدۇ. چوڭ تىپتىكى قۇشلار پەرۋاز قىلىشقا ماھىر. قۇشلار پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشتا يۇقىرىغا ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پەرۋاز قىلىدىغان قۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاۋا ئېقىمى ھەر دائىم يۇقىرى ئۆرلەپ تۇرىدىغان تاغلىق رايونلاردا ياشايدۇ. مەسىلەن، بۈركۈت، تازقارا (تاز قوماي) قاتارلىقلار.



قانات قېقىش ھەرىكىتى

يەرگە قونماقچى بولغاندا لەيلەپ پەسلەيدۇ.

ياۋا ئۆردەك كۆل يۈزىدىن قانات قېقىپ ئۇچۇپ چىقماقتا.

قۇش قانىتىنىڭ ئۈستى يۈزى تومپىيىپ تۇرىدۇ، ئاستى يۈزى ئويۇق بولىدۇ. قۇش ئالدىغا قاراپ ئۇچقاندا ئۆرلەش كۈچى پەيدا بولىدۇ. ئۆرلەش كۈچى تەن ئېغىرلىقىدىن ئېشىپ كەتسە، قۇش يۇقىرى ئۆرلەيدۇ؛ ئۆرلەش كۈچى تەن ئېغىرلىقىدىن تۆۋەن بولسا، قۇش پەسلەيدۇ؛ ئۆرلەش كۈچى بىلەن تەن ئېغىرلىقى تەڭلەشسە، قۇش گورىزونتال ھالىتىنى ساقلاپ ئالدىغا ئۇچىدۇ.



قانىتىنى كەرگەن بىلەن ئۇچالمايدىغان تۆگىقۇش

## دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك قۇش

دۇنيادىكى قۇشلار ئىچىدە ئەڭ كىچىكى ھەرەقۇش (بىرتوغرام) بولۇپ، ئاران ئىككى گرام چىقىدۇ. ھەرەقۇش ئۇچقاندا قانىتىنى ئىنتايىن تېز تەۋرىتىدۇ، ھەر خىل ھەرەقۇشنىڭ ھەممىسىنىڭ پەيلىرى ئىنتايىن چىرايلىق بولىدۇ. ئۇلار گۈللەر ئارىسىدا گۈل شىرنىسىنى شوراپ يېيىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ھەرەقۇش چاڭگىسىنى قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىغا يوشۇرىدۇ، ئۇ مۆچۈك تورى ياكى مۇخلارنى ماتېرىيال قىلىپ، شۆلگىيى بىلەن يېپىشتۇرۇپ ياسايدۇ



گۈللەر ئارىسىدىكى ئالدىراش ھەرەقۇش

## دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇش

تۆگىقۇش دۇنيادا ھازىر بار قۇشلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ قۇش بولۇپ، چۆلدىكى پاكار چاتقاللىقلاردا ياشايدۇ. ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئارتۇق، ئېغىرلىقى نەچچە ئون كىلوگرام كېلىدۇ، بوكەن، زىراپە قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆسۈملۈك يېيىشنى ئاساس قىلىدۇ، بەزىدە ھاشارات ۋە كىچىك تىپتىكى باغىرلىغۇچى قۇرتلارنىمۇ يەيدۇ. تۆگىقۇش قۇش ئاتالسىمۇ، لېكىن ئۇچالمايدۇ. ياۋا تۆگىقۇشلار ئاساسەن ئافرىقىدىكى چۆللۈكلەرگە تارقالغان، دۆلىتىمىزدە قولدا باقىدىغانلىرىلا بار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى





ئاق قۇ پەسىل قۇشى بولۇپ، قومۇش كۆپ ئۆسىدىغان چوڭ كۆل ۋە كۆلچەكلەردە ياشايدۇ. ئۇلار يازدا شىمالدا ياشايدۇ، كۈزدە جەنۇبقا كۆ- چۈپ، شۇ يەردە قىشلايدۇ.



باھار شامىلى شىمالغا سوققاندا، جەنۇبتا ما- كانلاشقان پەسىل قۇشلىرى شى- ـمالغا قاراپ ئۇچىدۇ.

گۈزەل ئاق قۇمۇ «سالقىنلاش قوشۇنى» دىكى بىر مۇھىم ئەزا.

## كۆچىدىغان قۇشلار

دۇنيادا نۇرغۇن قۇشلار پەسىل، كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ماكانلىشىدىغان ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل قۇشلارنى پەسىل قۇشلىرى دەپ ئا- تايمىز. ئۇلارنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار بىر ئورۇندا تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇخۇم باسىدۇ، بالىلىرى چوڭىيىپ قانات - قۇيرۇقلىرى يېتىل- گەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ يەنە بىر جايغا كۆچۈپ كېتىدۇ. ياۋا ـغاز ئەۋلادىنى شىمالدا كۆپەيتىدۇ. قىش كەلگەندە باشلامچى ياۋا غازنىڭ باشچىلىقىدا ئارغامچىدەك ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ ياكى ئاچىماق شەكلىدە تىزى- لىپ ئۇچۇپ، جەنۇبقا بېرىپ قىشنى ئۆتكۈزىدۇ، ئىككىنچى يىلى باھاردا يەنە شىمالغا قايتىپ كېلىدۇ.



ھەيران بىرقانچە ھەپتە يەرگە قونماي ئۇچالايدۇ.



ئاق لەيلەك



باھار پەسلىدە ئاق لەيلەك جەنۇب- تىن شىمالغا قايتىپ كېلىپ ئەۋلاد- ـنى كۆپەيتىدۇ.






قىزىل قاشقا تۇرنا

قىزىل قاشقا تۇرنىمۇ پەسىل قۇشى، ئۇلار ھەر يىلى مارت ئېيىدا كىچىك توپ بولۇپ شىمالدىكى سازلىقلارغا ئۇچۇپ كې- لىپ، چاڭگا ياساپ تۇخۇم تۇغىدۇ، 10 - ئايلاردا چۈجىلىرى ئۇچۇرما بولىدۇ ھەمدە ئۇچۇشنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئاتا - ئانىسى- ـغا ئەگىشىپ جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ نىڭشيا ۋە سۇڭخۇاجياڭ دەريا ۋادىلىرى قىزىل قاشقا تۇرنىنىڭ ئاسا- ـلىق كۆپىيىش ماكانى.



مۇشۇكياپىلاق



ئاق تاجلىق قىرغاۋۇل

قارا بويۇن قىرغاۋۇل

كۆچمەس قۇشلار



سار

## كۆچمەس قۇشلار

بەزى قۇشلار بىر جايغا ئۆمۈرلۈك ماكانلىشىدۇ، پەقەت كۆچمەيدۇ. بۇ خىل قۇشلار كۆچمەس قۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيادا كۆچمەس قۇشلار ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جە- نۇبتىكى كۆچمەس قۇشلار شىمالدى- كىدىن كۆپ. شىمالدىكى كۆچمەس قۇشلار ئومۇمەن سوغۇققا چىدامىلىق كېلىدۇ، كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن سېغىزخان، قۇشقاچ قاتارلىقلار بار.



سېغىزخان

كۆچمەس قۇشلار



قاراباش پۈپۈچەك قىرغاۋۇل

قۇشقاچ




# دېڭىز ـ ئوكيان ھايۋانلىرىنىڭ تارقىلىشى



دېڭىز ـ ئوكيان سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تېمپېراتۇرىسى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى دېڭىز ـ ئوكياندا لەيلەپ ياشايدىغان جانلىقلار ۋە سۇ تېگىدە ياشايدىغان جانلىقلارنىڭ تارقىلىش جەھەتتىكى پەرقى ۋە ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ خىل پەرق ۋە ئۆزگىرىش لەيلەپ ياشىغۇچى جانلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان باشقا دېڭىز ـ ئوكيان ھايۋانلىرىنىڭ پائالىيىتى ۋە تارقىلىشىغا بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ.




### ئوخشاش بولمىغان دېڭىز تەۋەسىدىكى جانلىقلار

دېڭىزنىڭ ئۈستۈنكى يۈزىدە گۆشخور كۆك قاسىراقلىق ھايۋانلار، يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار، ئەيجىسىمان مېدۇزا قاتارلىقلار ياشايدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئاجىز يورۇق بەلۋاغ بولۇپ، رەڭگى قىزىل ۋە قارا ھايۋانلار ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئاستى تەرىپى چوڭقۇر دېڭىز بولۇپ، بۇ يەردىكى ھايۋانلارنىڭ كۆزى چوڭ بولىدۇ. دېڭىز ئاستىدىكى ئاجىز يورۇقلۇق ئۇ يەردە ياشايدىغان بېلىقلار (مەسىلەن، پانۇس بېلىق)نىڭ يورۇقلۇق چىقىرىش ئاپپاراتىدىن كېلىدۇ. دېڭىزنىڭ لايسىمان تەكتىدە ئۇۋا كولاپ ياشايدىغان ھايۋانلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. دېڭىزنىڭ بوش لايلىق ئەڭ چوڭقۇر تېگىدە چوڭقۇر دېڭىز بېلىقلىرى، قاسىراقلىق ھايۋانلار ۋە دېڭىز مېھرىگىياھىغا ئوخشاش يۇمشاق تەنلىكلەر ياشايدۇ.

### ئوكياننىڭ چوڭقۇر يېرى

ئۆتمۈشتە، كىشىلەر چوڭقۇر دېڭىزنىڭ مۇھىتى ناچار،سۇنىڭ بېسىمى يۇقىرى، يورۇقلۇق يوق، يېمەكلىك ۋە ئوكسىگېن كەمچىل، ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى. كېيىن كىشىلەر چوڭقۇر دېڭىزنىڭ تەسەۋۋۇرلاردىكىدەك ھاياتلىق چەكلەنگەن رايون ئەمەسلىكىنى بايقىدى. ئوكياننىڭ چوڭقۇر يېرىدە كۆپ خىل بېلىقلار، قاسىراقلىقلار ۋە يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار ياشايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

## ئوكيان يۈزىدىكى جانلىقلار زەنجىرى

ئوكيان يۈزىدە يورۇقلۇق جانلىقلىرىنى ئاساس قىلغان جانلىقلار تۈركۈمى ياشايدۇ. يورۇقلۇق سۇ-ئۆتكەندە تېزدىن چېچىۋېتىلىدۇ ھەمدە سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، كۈن نۇرى پەقەت بەلگىلىك چوڭ-قۇرلۇقتىكى دېڭىز سۈيىدىن ئۆتەلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن تارراق يورۇقلۇق بەلۋېغى شەكىللىنىدۇ. يورۇقلۇق بەلۋېغىدا ئۆسۈملۈكلەر ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىپ ئۆسىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۆسۈملۈكنى يەيدىغان ھايۋانلار ئوزۇقلۇق مەنبەسىگە ئېرىشىدۇ. ئۆ-سۈملۈكنى يەيدىغان ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى گۆشخور ھايۋانلارنى ئوزۇقلۇق مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، يورۇقلۇق بەلۋېغى لەيلىگۈچى ئۆسۈملۈكلەر — ئۆسۈملۈكخور ھايۋانلار — گۆشخور ھايۋانلاردىن ئىبارەت جانلىقلار زەنجىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.




ئۇچار بېلىقنىڭ كۆكرەك ئۈزگۈچى تەرەققىي قىلغان، ئادەتتە دېڭىز يۈزىدە ئۈزۈپ يۈرىدۇ، خەۋپكە يولۇقسا قويرۇق ئۈزگۈچىدىن ھاسىل بولغان ئىلاستىك كۈچكە تايىنىپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، كۆكرەك ئۈزگۈچىنى كېرىپ خېلى يىراق جايغا لەيلەپ ئۇچۇپ بارالايدۇ.

دېڭىز - ئوكياننىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشى دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرىنىڭ مور-فولوگىيىسى، ياشاش ئادىتى ۋە رەڭگىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەر خىل دېڭىز - ئوكيان ھايۋانلىرى ئۆزى ئېھتىياجلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ئاساسەن دېڭىز تەۋەلىكىنى تاللىغان. چوڭقۇرلۇقى ئوخشاش بولمىغان دېڭىز سۈيىدە ئوخشاش بولمىغان ھايۋانلار ياشىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا مەلۇم جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئالاھىدىلىكلەر بار.

دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قاراڭغۇ مۇھىتىدا يا-شايدىغان بېلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىدە يورۇقلۇق چىقىرىش ئاپپاراتى بولىدۇ. دېڭىز - ئوكيان ھايۋانلىرى چىقىرىدىغان يورۇقلۇق كۈن نۇ-رى، ئوت يورۇقلۇقىغا تامامەن ئوخشايدۇ، ئەمما ئىسسىقلىق بولمايدۇ. ئىلىم - پەندە سوغۇق نۇر دەپ ئاتىلىدۇ. سوغۇق نۇرنىڭ يو-رۇتۇش ئۈنۈمى يۇقىرى، رەڭگىمۇ يېقىشلىق.

چوڭقۇر دېڭىز بېلىقلىرىنىڭ تېنى كىچىك، بېشى ۋە ئاغزى ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولىدۇ. باش قىسمى پۈتۈن تېنىنىڭ 2/3 قىسمىنى دېگۈدەك ئى-گىلەيدۇ.


قاراقاش بىلقىئالغۇچ

# جەنۇبىي قۇتۇپتىكى ھايۋانلار

جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ مۇھىتى ئىنتايىن ناچار، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ھايۋانلار ناھايىتى ئاز، ئەمما جەنۇبىي قۇتۇپ چوڭ قۇرۇقلۇقنى قورشاپ تۇرغان دېڭىز - ئوكيانلار ھاياتىي كۈچكە تولغان. تۈرى ئاز، سانى كۆپ بولۇش بۇ يەردىكى دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى بۇ يەردە تيۇلېن جەمەتى، كىتلار جەمەتى ھەمدە ھەر خىل بېلىق، راك قاتارلىقلار بار. جەنۇبىي قۇتۇپ يەنە قۇشلارنىڭ ماكانىدۇر.





پىنگۋىن جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ سىمۋولى، جەنۇبىي قۇتۇپقا بارسىڭىز، تۇنجى كۆرىدىغىنىڭىز توپ - توپ بولۇپ ھەممە يەرگە يامرىغان پىنگۋىنلاردۇر.


چوڭ بورانقۇش


پاتاگونىيە پىنگۋىنى


جەنۇبىي قۇتۇپ قاراقچى چايكىسى كىچىك پىنگۋىننى بۇلاپ يېمەكتە.

## يوغان قورساق پىنگۋىن

پىنگۋىن ئۇچالمايدىغان دېڭىز قۇشى بولۇپ، ئۆمرىنىڭ دېڭىزدا ياشايدىغان ۋاقتى يېرىمىنى، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ۋاقتى يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. جەنۇبىي قۇتۇپ پىنگۋىنلىرىنىڭ ئورتاق تەن شەكلى ئالاھىدىلىكى شۇكى، تېنى سۈيۈرشەكىللىك، دۈمبىسىنىڭ پەيلىرى قارا؛ قانىتى چېكىنىپ پالاقچىسىمان بولۇپ قالغان، ئۇچۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، سۇ ئۈزۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. پىنگۋىننىڭ پۇتى ئورۇق، قىسقا، بارماقلىرى ئارىسىدا ئۈزگۈچ پەردىسى بار، قۇيرۇقى كىچىك، قىسقا، تېنى سېمىز، ئىغاڭلاپ ماڭىدۇ. پىنگۋىن توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، فوسفورلۇق راك بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

## مەسئۇلىيەتچان دادا - پاتاگونىيە پىنگۋىنى

چىشى پاتاگونىيە پىنگۋىنى تۇخۇم تۇغىدۇ، ئەركەك پىنگۋىن تۇخۇم باسىدۇ. بۇ، قۇشلار ئىچىدە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ئەركەك پاتاگونىيە پىنگۋىنلىرى بىر يەرگە توپلىشىپ تۇخۇم باسقاندا، چىشى پاتاگونىيە پىنگۋىنلىرى دېڭىزغا بېرىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. تۇخۇمدىن يېڭى چىققان بالا پىنگۋىن ئەركەك پىنگۋىننىڭ يېنىدا ۋە پۇتىنىڭ دۈمبىسىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئەركەك پىنگۋىن ھەم دادا، ھەم مەسئۇلىيەتچان بالا باققۇچى.


بالا تيۇلېن

## مۇزدىن تۆشۈك ئېچىش ماھىرى

مۇزدىن تۆشۈك ئېچىش تيۇلېننىڭ ئالاھىدە ماھارىتى. تيۇلېن مۇز قاتلىمىنىڭ ئىچىدە قامىلىپ قالسا، مۇزنى چىشى بىلەن غاجىلاپ تۆشۈك ئاچىدۇ. تيۇلېن مۇزنى غاجىلىغاندا ئاغزى يارىلىنىدۇ، چىشلىرى ئۇپراپ قىسقىراپ، تۇزلىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەسلىدە 20～30 يىل ياشايدىغان تيۇلېن مۇشۇ سەۋەبتىن ئاران 8～10 يىل ياشىشى مۇمكىن.

## جەنۇبىي قۇتۇپتىكى كىتلار

جەنۇبىي قۇتۇپتا ياز بولغاندا ئوكياندىكى كىتلار تۈركۈملەپ جەنۇبقا بارىدۇ. جەنۇبىي قۇتۇپ ئەتراپىدىكى دېڭىز تەۋەلىكىدە 12 خىل كىت ياشايدۇ. چوڭراق بۇرۇتلۇق كىتلەردىن كۆك كىت، پالاقلىق كىت، چوڭ بىلەك كىت ۋە بالېنا كىتى قاتارلىقلار بار. چوڭراق چىشلىق كىتلاردىن ئىپار كىت ۋە ئوركا كىتى قاتارلىقلار بار. ئۇلار جەنۇبىي قۇتۇپ دېڭىز تەۋەلىكىدە تويغۇچە ئوزۇقلىنىپ، جورا ئىزدەپ چېپىشىدۇ، بالا تۇغۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن يەنە كۆچۈشكە باشلايدۇ.


فوسفورلۇق راكلار توپى


بىر كۆك كىت كۈنىگە تۆت - بەش توننا فوسفورلۇق راك يەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com






[redacted] جانلىقلار ئۆز-ئارا بېقىندا بولۇشوپ، ئۆزگىچە ئوزۇقلىنىش زەنجىرىنى شەكىللەندۇرگەن.

## جەنۇبىي قۇتۇپ دېڭىز قۇشلىرى

جەنۇبىي قۇتۇپتىكى قۇشلارنىڭ تۈرى 30دىن ئاشىدۇ، ھەممىسى كۆچمەن قۇشلار تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇچار قۇشلار ئىچىدىكى تېنى ئەڭ چوڭ قۇش سەيلىچى بورانقۇش بولۇپ، ئېغىرلىقى بەش - ئالتە كىلوگرام چىقىدۇ؛ ئىككى قانىتىنىڭ كەرگەن ۋاقتىدىكى ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېترغا يېتىدۇ. ۋىلسون بورانقۇشىنىڭ ئېغىرلىقى ئاران 36 گرام بولۇپ، جەنۇبىي قۇتۇپتىكى ئەڭ كىچىك دېڭىز قۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تېنى كىچىك بولغان بىلەن، بورانغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك، شۇڭا بورانقۇش دەپ نام ئالغان.




## جەنۇبىي قۇتۇپ تيۇلېنى

جەنۇبىي قۇتۇپ دېڭىز تەۋەلىكىدىكى تيۇلېننىڭ سانى 30 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، دۇنيادىكى تيۇلېن ئومۇمىي سانىنىڭ 90%نى ئىگىلەيدۇ. تيۇلېن سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، توكلىرى قىسقا ھەم سىلىق، شامال ۋە سوغۇققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك، سۇدىمۇ ياشىيالايدۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ياشىيالايدۇ. دېڭىزدىكى قاسىراقلىق ھايۋانلار، باش - ئاياغلىق ھايۋانلارنى يەيدۇ. تيۇلېننىڭ سائەتلىك ئۈزۈش سۈرئىتى 20~30 كىلومېتىر، 200~300 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۆكەلەيدۇ.

## جۈپتى كۆپ تيۇلېن

تيۇلېن توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەر يىلى 8 - ، 9 - ئايدا توپ - توپ تيۇلېنلار قۇرۇقلۇققا چىقىپ كۆپىيىدۇ. ئەركەك تيۇلېن زېمىن ئىگىلەپ جورا ئىزدەيدۇ. تيۇلېن «كۆپ خوتۇنلۇق» كۆپىيىش ئۇسۇلىدا كۆپىيىدۇ. كۆپىيىش مەزگىلىدە ئەركەك تيۇلېن ئىنتايىن ۋەھشىيلىشىپ كېتىدۇ. ئۆز زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن رەقىبى بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ھەممە يېرىنى جاراھەتلەندۈرۈۋالىدۇ. چىشى تيۇلېنلار ناھايىتى رايىش بولۇپ، غالىب «ئەر»گە ئەگىشىدۇ.



## فوسفورلۇق راك



فوسفورلۇق راكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاران 1~6 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بېشىنىڭ ئىككى يېنىدا ۋە قورسىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قىزىل ئارىلاش سېرىق شارسىمان يورۇقلۇق چىقىرىش ئاپپاراتى بولىدۇ. ئۈركۈپ كەتسىلا فوسفور رېنسىيەلىك نۇر چىقىرىدۇ، شۇڭا فوسفورلۇق راك دەپ ئاتالغان. جەنۇبىي قۇتۇپقا دەسلەپ بارغانلار پايانسىز قىزىل سۇنى كۆرۈپ، ئالدىمىز «قۇملۇق ساھىل» ئوخشايدۇ دەپ قالغان، يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ فوسفورلۇق راك توپى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا، فوسفورلۇق راكنى يالماپ يەيدىغان كۆك كىت جەنۇبىي قۇتۇپتا ياشاپ كۆپىيەلەيدۇ.





# شىمالىي قۇتۇپتىكى ھايۋانلار

جەنۇبىي قۇتۇپتىكىگە ئوخشىمايدىغىنى شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىدىكى جانلىقلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ئىنتايىن جانلىق. شىمالىي قۇتۇپنىڭ سوغۇق قىش پەسلى يېرىم يىلدىن ئېشىپ كېتىدۇ، قىش پەسلى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كۈن نۇرى ئۇدا ئۈچ – تۆت ئاي چۈشىدۇ، بۇ ۋاقىتتا شىمالىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇقىدىكى قىسمەن قار – مۇزلار ئېرىپ كېتىدۇ. مۇشۇ قىسقا ۋاقىتتا، نۇرغۇن ھايۋانلار بۇ يەردىكى كەڭ كەتكەن تۇندرادا، ئەۋلاد قالدۇرۇپ، ھاياتلىقنى جانلاندۇرىدۇ.



## شىمالىي قۇتۇپ بۆرىسى

ئۆي تۇتۇپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. چىشى – ئەركەك بۆرىلەر جۈپلىشىپ قالسىلا، ئۆمۈر بويى ئايرىلمايدۇ. لالما چاشقان، ئېتىزلىق چاشقىنى تۇتۇپ يەيدۇ، لېكىن ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى شىمال بۇغىسى بىلەن ئىپار كالا. ئۇ قېرى، ئاجىز، كېسەل ۋە مېيىپلىرىنىلا ئوۋلىيالايدۇ.



شىمالىي قۇتۇپ بۆرىسى

## شىمالىي قۇتۇپ تۈلكىسى

ئۇ لالما چاشقان ئوۋلاش ماھىرى بولۇپ، شىمالىي قۇتۇپ ئېكولوگىيىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ بولمىسا لالما چاشقان كۆپىيىپ كېتىپ، ئۇ يەردىكى ھايۋانلارنىڭ تەڭپۇڭ تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاستە تەسىر يېتىدۇ.

لالما چاشقان





شىمالىي قۇتۇپ تۈلكىسى

## لالما چاشقان

شىمالىي قۇتۇپتىكى تۇندرادا لالما چاشقان بىر چوڭ جەمەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار يەر ئاستىدا ياشايدۇ، ياز بولغاندا يەر ئۈستىگە چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ زىچلىقى ئەڭ كۆپ بولغاندا ھەر 100 كۋادرات مېتىردا 15تىن ئاشىدۇ. بۇنچە كۆپ لالما چاشقانلار چوڭ ھايۋانلارنى مول ئوزۇقلۇق مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى ئاق ئېيىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ شىمالىي قۇتۇپتىلا بولىدىغان ئېيىق تۈرى. سۇ ئۈزۈشكە ماھىر، ئاساسلىقى تيۇلېن، دېڭىز پىلى بالىسى قاتارلىقلارنى ئوۋلاپ يەيدۇ. تيۇلېن مۇز ئۈستىدە كۈنگە قاقىلىنىۋاتقاندا، ئۇ ئاستا ئۈزۈپ بېرىپ، تيۇلېنغا سەزدۈرمەي بىر شاپىلاق سالسىلا، تيۇلېن جېنىدىن ئايرىلىدۇ



شىمالىي قۇتۇپتىكى لەيلىگۈچى جانلىقلار

ئاق ئېيىق





ئىپار كىت



بىر مۈڭگۈزلۈك كىت

## شىمالىي قۇتۇپتىكى كىتلار

شىمالىي قۇتۇپنىڭ مۇز قاتلىمى بىلەن ئوكيان چېگرىلىنىدىغان بەلۋاغ كىتلار ئەڭ كۆپ ھەرىكەت قىلىدىغان جاي. ئىپار كىتى، بىر مۈڭگۈزلۈك كىت ۋە ئاق كىت قاتارلىقلار شىمالىي قۇتۇپتىكى مەشھۇر كىتلاردۇر. كىت سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، ئۇلار قەرەللىك سۇ يۈزىگە چىقىپ ھاۋا ئالماشتۇرىدۇ. ئەگەر قېلىن مۇز ئاستىدا قامىلىپ قالسا، جېنىنىڭ بارىچە ئۈسۈپ مۇزنى يېرىشى كېرەك، بولمىسا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ. شۇڭا، ئۇ يەردىكى كىتلار پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ قەرەللىك كۆچۈپ تۇرىدۇ.



ئاق كىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## شىمالىي قۇتۇپتىكى قۇشلار دۇنياسى

شىمالىي يېرىم شاردىكى قۇشلارنىڭ 1/6 قىسمى شىمالىي قۇتۇپتا كۆپىيىپ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. كەم دېگەندە 12 تۈردىكى قۇشلار شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىدە قىشلايدۇ. يازدا تۇندرا، كۆل ۋە سۇ ئوتلىرى ئارىسىدا ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق ئۆردەك، قىزىل بويۇن ئۆردەك، قىسقا بويۇن ياۋا ئۆردەك، ئالا دۇمبە چۆككەك قۇش، سېغىزخانسىمان ئۆردەك، چۆمگەن چۆل ئۆردىكى، قارا ئۆردەك، ئاق غاز قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئېگىزرەك ئېدىر، تاغ باغرىلىرىدا شىمالىي قۇتۇپ تۇندرا كەكلىكى، مۇشۇكياپىلاق قاتارلىقلار ياشايدۇ. دېڭىز قۇشلىرىدىن دېڭىز قۇشقىچى، قاراقچى چايكا، شىمالىي قۇتۇپ چايكىسى، بورانقۇش قاتارلىقلار بار.



شىمالىي قۇتۇپ دېڭىز قۇشقىچى



شىمالىي قۇتۇپ تۇندرا كەكلىكى

قىش كەلگەندە تۇندرا كەكلىكىنىڭ پەيلىرى ئاقۇا ئۆزگىرىپ، قار ـ مۇز بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.



چۆككەك ئۆردەك

تۇندرا كەكلىكى يازدا گۈللۈك كېيىمى بىلەن ئۆزىنى نىقابلايدۇ.





ئۇزۇن قۇيرۇق قاراقچى چايكا



شىمالىي قۇتۇپ قارلىغاچسىمان چايكىسى



ئالباتروس



قارلىق مۇشۇكياپىلىقى

## ئالاھىدە ئىقتىدارلىق شىمالىي قۇتۇپ قارلىغاچسىمان چايكىسى

ئۇنىڭ قانىتى ناھايىتى كۈچلۈك، ھەر يىلى جەنۇبىي قۇتۇپتا يازنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، شىمالىي قۇتۇپقا بېرىپ يەنە يازنى ئۆتكۈزىدۇ.

ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق چايكا

دېڭىز پىلى توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، شىمالىي قۇتۇپنىڭ بەزى دېڭىز قىرغاقلىرىغا مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن دېڭىز پىلى يىغىلىپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك مەنزىرە شەكىللەندۈرىدۇ.



## سوغۇققا چىداملىق ئېپار كالىسى

ئېپار كالىسى ئۆي كالىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يۇڭى ئۇزۇن، يۇڭى ئارىسىدا قويۇق تىۋىتى بولىدۇ، شۇڭا ئېپار كالىسى سوغۇققا چىداملىق كېلىدۇ. ئېپار كالىسى چۆپخور ھايۋان. كۆپىيىش مەزگىلىدە بۇقىلىرى ئارىسىدا شىددەتلىك جەڭ بولىدۇ، غەلىبە قىلغۇچى دادا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئېپار كالىسىنىڭ تېرىسى ۋە گۆشى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى ھايۋانلارنىڭ بىرى.



ئۇزۇن يۇڭ بىلەن قاپلانغان ئېپار كالىسى

## مورژ (دېڭىز پىلى)

مورژمۇ شىمالىي قۇتۇپ رايونىنىڭ ئالاھىدە ھايۋىنى، ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر، ئېغىرلىقى 1.5 توننا چىقىدۇ. مورژنىڭ تېرىسى قېلىن، پۈرلەش، يۈزىدە يىرىك ساقال ـ بۇرۇتلىرى بار. چىشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70~80 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ تۆت ئۇزگۈچى بار، ئىككى ئارقا ئۇزگۈچى ئالدىغا ئېگىلەلەيدۇ. مورژنىڭ چىشى لاي ئىچىدىكى ماكىترا قۇلۇلىسىنى قېزىپ چىقىرىشقا ئەسقاتىدۇ. مورژ لەيلىمە مۇز ياكى قىيا تاشقا يامىشىشتا ئۇزۇن چىشىنى يامىشىش قورالى قىلىدۇ، دۈشمىنىگە يولۇققاندا جەڭ قورالى قىلىدۇ.



مورژ (دېڭىز پىلى)



شىمالىي قۇتۇپ تيۇلېنى

## شىمالىي قۇتۇپ تيۇلېنى

شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن دېڭىز تەۋەلىكىدە ھالقا گۈللۈك تيۇلېن ياشايدۇ. قىشتا مۇز ئاستىدىكى دېڭىز سۈيى ئىللىقراق بولىدۇ. ھالقا گۈللۈك تيۇلېنلار مۇز ئاستىدا ياشاپ، چىشى ۋە ئۇزگۈچى پۇتى بىلەن ئۇۋا كولايدۇ ۋە مۇز ئۈستى بىلەن بىۋاستە ھاۋا ئالماشتۇرىدىغان تۆشۈك ئاچىدۇ، ئۇۋىسىدا ياشايدۇ ۋە كۆپىيىپ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ھەر يىلى ئاپرېلدىن ماي ئېيىغىچە توپ ـ توپ تيۇلېنلار قىرغاققا چىقىپ كۈنگە قاقلىنىدۇ. تيۇلېن نەچچە 100 مېتىر چوڭقۇرلۇققا شۇڭغۇيالايدۇ، شۇڭغۇش ۋاقتى 40 مىنۇتقا بارىدۇ.



شىمالىي قۇتۇپتىكى شىمال بۇغىسى



# كىت

كىت تىرىك تۇغۇپ كۆپىيىدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئۆپكىسى ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ، تېنىنى بىر قەۋەت تېرە ئوراپ تۇرىدۇ. تەن تېمپېراتۇرىسى 37℃ ئەتراپىدا. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. كۆك كىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، ئېغىرلىقى 150 توننا چىقىدۇ. دۇنيادىكى كىتلار چىشلىق كىتلار، بۇرۇتلۇق كىتلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.





چوڭ ئېچىلغان ئاغزى بۇرۇتقا تولغان.

كىتلار دېڭىزدا موللاق ئېتىپ ئويناش ئارقىلىق ئۆزئارا ئۇچۇر يەتكۈزۈشىدۇ.

چوڭ قاناتلىق كىت

كۆك كىت

كۆك كىت بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال بىر قانچە ئاي ئېمىدۇ، ئاندىن ئۆز ئوزۇقلۇق يېيەلەيدۇ.

## كىتنىڭ كۆپىيىشى

بۇرۇتلۇق كىتلار ئىچىدىكى چوڭ قاناتلىق كىتلار بىر ئەركىكى بىلەن بىر چىشىسى بىر جۈپ بولۇپ ياشايدۇ، لېكىن كۆپ چاغلاردا يالغۇز ياشايدۇ. چىشلىق كىتلار ئارىسىدىكى ئوركا كىتلىرىنىڭ بىر ئەركىكى بىلەن بىر قانچە چىشىسى بىرلىكتە ياشايدۇ. توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بوغاز كىت 12 ئاي قورساق كۆتۈرىدۇ، ئادەتتە بىرنى تۇغىدۇ. كىتنىڭ بالىسىنى ئېمىتىش ۋاقتى ئون ئاي. چىشى كىت بالىسىغا بەك كۆيۈنىدۇ. بالىسى كىت ئېمۋاتقان مەزگىلدە ناھايىتى تېز يوغىنايدۇ، چۈنكى ئانا كىت سۈتىنىڭ تەركىبىدە ماي ۋە ئاقسىل مول بولىدۇ.



تۇغۇلۇشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرىكى كىت تۆرەلمىسىنىڭ ئېغىرلىقى بىر توننىدىن ئاشىدۇ.



ئۇزۇن بۇرۇتلۇق كىتنى ھەرقايسى ئوكيانلاردا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇزۇن بۇرۇتلۇق كىت

www.uyghurkitap.com





بىر چوڭ كىت دېڭىز ساھىلىغا قالغاندى، كىشىلەر ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ قۇرۇپ يېرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تېنىگە سۇ چاچماقتا.



## كىتلارنى قوغدايلى

كىت بەزىدە قىرغاققا بەك يېقىن كېلىۋېلىپ تېيىز سۇدا توختاپ قىلىپ، ئۆزى دېڭىزغا قايتالماي ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ. ھازىر كىشىلەر ئۇلارنىڭ دېڭىزغا قايتىشىغا ياردەم قىلالايدىغان بولدى. بەزى دۆلەت ۋە رايونلار كىت تۇتۇش كەسپىنى مۇھىم ئىقتىسادىي مەنبە قىلىۋالغانلىقتىن، كىتلار تېزلا ئازىيىپ كەتتى. كۆك كىتنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالدى. شۇڭا، كىتلار ھازىر خەلقئارا بويىچە قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.



كىشىلەر كىتنى كۆپلەپ ئۆلتۈرگەنلىكتىن، كىتلارنىڭ سانى جىددىي ئازايماقتا.

كىت ئوۋلاش «زەمبىرىكى»

## كىت بۇرۇتىنىڭ رولى

بۇرۇتلۇق كىتنىڭ بۇرۇتى ئۈستۈنكى تاڭلايدىن ئاستىنقى تاڭلايغا ساڭگىلاپ چۈشكەن، ھەربىر تېلىنىڭ ئارىلىقى ئالتە ـ يەتتە مىللىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1~4 مېتىر كېلىدۇ. كىت ئاغزىنى يوغان ئېچىپ سۇ ئۈزگەندە، نۇرغۇن لەيلىگۈچى جانلىقلار سۇ بىلەن بىللە كىتنىڭ ئاغزىغا ئېقىپ كىرىدۇ، ئاندىن كىت تىلى ئارقىلىق سۇنى سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ، بۇرۇتى ئارقىلىق سۈزۈپ قېلىنغان كىچىك بېلىق، راكلار كىتنىڭ مەززىلىك يېمەكلىكىگە ئايلىنىدۇ




## بۇرۇتلۇق كىت

بۇرۇتلۇق كىتنىڭ چىشى يوق، تاغاققا ئوخشاش بۇرۇتلا بار، شۇڭا بۇرۇتلۇق كىت دەپ ئاتالغان. مەشھۇرلىرىدىن كۆك كىت، مېگاپتېرا كىتى، چوڭ قاناتلىق كىت قاتارلىقلار بار.



بەزى كىتلار كۆپۈك پۈركۈش ئۇسۇلى بىلەن بېلىق توپىنى قورشىۋېلىپ، ئاندىن ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ، ئۇلارنى يۇتۇۋېتىدۇ.

كىتنىڭ بوغۇزى پۈرمىلەك بولۇپ، چوڭ ئېچىلالايدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆپ مىقداردا دېڭىز سۈيى ۋە يېمەكلىكلەرنى قاچىلىيالايدۇ.




ھاۋا پۈركۈش تۆشۈكىدىن سۇ تۈۋرۈكى ئېتىلىپ چىققانلىقى كىتنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## چىشلىق كىت

چىشلىق كىتنىڭ چىشلىرىنىڭ رولى قۇرۇقلۇقتىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ يېمەكلىك چايناشقا ئەمەس، بەلكى يېمەكلىك تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. چىشلىق كىتنىڭ تېنى بۇرۇتلۇق كىتنىڭكىدىن كىچىك بولىدۇ، بەزىلىرى بەك ۋەھشىي بولۇپ، كۆپىنچە ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ كىتلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ۋەكىللىك چىشلىق كىتلاردىن ئىپار كىتى، ئوركا كىتى، دېڭىز دېلفىنى قاتارلىقلار بار. يەنە، شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا ياشايدىغان بىر مۈڭگۈزلۈك كىت بىلەن ئاق كىتمۇ بار.



ئوركا كىتى دېڭىزدىكى ئەڭ ۋەھشىي سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ، لەھەڭگە ئوخشاشلا يامان نامى بار، شۇڭا قاتىل كىت دەپمۇ ئاتىلىدۇ



ئىپار كىت

ئىپار كىتنىڭ سۇغا چۆكۈشكە ياردەم بېرىدىغان مېڭە ماي تەنچىسى

ئىپار كىت بالىسى






شىمالىي قۇتۇپتا ياشايدىغان بىر مۈڭگۈزلۈك كىت



دېلفىن

## ئىپار كىت

ئىپار كىتنىڭ تەن شەكلى غەلىتە، ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بېشى پەۋقۇلئاددە چوڭ، ئاغزى كىچىك بولۇپ، قارىماققا تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ. قۇرامىغا يەتكەن ئەركەك ئىپار كىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر چىقىدۇ. ئىپار كىتنىڭ باش سۆڭىكىدە باشقا كىتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مېڭە ماي تەنچىسى بار بولۇپ، ئۇ 2000 ~ 3000 مېتىر چوڭقۇر دېڭىزغا چۆكۈشكە ياردەم بېرىدۇ. ئىپار كىت ياقتۇرۇپ يەيدىغان سەككىزئاياغ، سىياھبېلىقنى تۇتۇش ئۈچۈن سۇ ئاستىغا بىر سائەتتىن ئارتۇق چۆكەلەيدۇ. ئىپار كىتنىڭ كۆچۈش ئادىتى بار، ئۇلار ھەر يىلى شىمالىي قۇتۇپ، جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ سوغۇق دېڭىز تەۋەلىكىدىن يولغا چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە يول لىنىيىسى بويىچە ئوكياندا سەپەر قىلىدۇ.



ھىڭگاڭ چىش كىت چىشلىرى سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

شىمالىي قۇتۇپتا ياشايدىغان ئاق كىت

## دېلفىن

دېلفىن تېنى كىچىكرەك كىت تۈرى بولۇپ، ئىللىد
دېڭىز تەۋەلىكىدە ياشايدۇ، دېڭىز ـ ئوكيان سۈت ئە
گۈچى ھايۋانلىرى ئىچىدە تەدرىجىي تەرەققىيات دەر
جىسى ئەڭ يۇقىرى تۈر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەقى
ئىقتىدارىنى شىمپەنزىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ب
لىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر دېلفىنى
مەشىقلەندۈرۈپ سېرك ئارتىسى قىلىپ، بەزىلىرىنى
غەۋۋاس قىلىپ يېتىلدۈرمەكتە.

## ئوركا كىتى

ئوركا كىتى دېڭىز ـ ئوكياندىكى چوڭ تىپتىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ ۋەھشىي ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، بەزىلەر ئۇنى قاتىل كىت دەپمۇ ئاتايدۇ. ئوركا كىتى دېلفىن، تيۇلېن، دېڭىز ئىتى، پىنگۋىن، ھەر خىل بېلىق، سىياھبېلىق قاتارلىقلارنى يەيدۇ. بىر ئوركا كىتلىرى بىر قېتىمدا 13 دېلفىن ياكى 15 تيۇلېننى يەۋېتىدۇ. ئوركا كىتلىرى دائىم توپلىشىپ باشقا كىتلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئوركا كىتى ئوزگە قارىغاندا خېلىلا چوڭ بۇرۇتلۇق كىتنى قورشىۋېلىپ، بەزىلىرى باش قىسمىغا ئۇرىدۇ، بەزىلىرى ھاۋا پۇركۈش تۆشۈكىنى ئېتىۋالىدۇ، ئاخىر بۇرۇتلۇق كىتنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ھېچنېمىسىنى قويماي پاك ـ پاكىز يەۋېتىدۇ.



# بېلىق

ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار ئىچىدە بېلىقنىڭ تۈرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن 25 مىڭدىن ئاشىدۇ. بېلىقلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئۇلار سۇدا ياشايدۇ، ساقاق بىلەن نەپەسلىنىدۇ، ھەممىسىنىڭ تېنىدە ئۈزگۈچلىرى بولىدۇ، كۆپ ساندىكى بېلىقلارنىڭ تېنىنى بىر قەۋەت تەڭگىچىلەر يېپىپ تۇرىدۇ. بېلىقلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كۆمۈرچەكلىك بېلىقلار ۋە سۆڭەكلىك بېلىقلار دەپ ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ.






قەدىمكى زاماندىكى بېلىقلار

## يەر شارىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئومۇرتقىلىق ھايۋان

يەر شارىدىكى ھاياتلىق دېڭىز - ئوكياندا پەيدا بولغان، ئىپتىدائىي تۈرلەر دېڭىز سۈپىسىدا پەيدا بولغان. تەخمىنەن 500 مىليون يىللار بۇرۇن دېڭىز - ئوكياندا ئەڭ دەسلەپكى ئومۇرتقىلىق ھايۋان بارلىققا كەلگەن، ئۇ تاڭلىيى يوق، ئۈزگۈچىمۇ يوق، تېنى كىچىك بېلىق ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ خىل بېلىققا ئۈزگۈچى ئۆسۈپ چىقتى ھەمدە كۆپ سۆڭەكلىك تېنى شەكىللەندى. كېيىن تاڭلاي ۋە چىش پەيدا بولدى، ئوزۇقلۇق تۇتۇش ئىقتىدارى ئاشتى ۋە ئوزۇقلۇق تۇتۇش دائىرىسىمۇ كېڭەيدى.



لاتىمېر بېلىقى

1938 - يىلى ئالىملار ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز تەۋەلىكىدىن بايقالغان لاتىمېر بېلىقىنىڭ توم پالاقچىلىق بېلىقلارنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ 350 مىليون يىللار بۇرۇنقى پالېئوزوي ئېراسى دېۋون دەۋرىدە دېڭىز - ئوكياندا ياشىغان.




## بېلىق پۇۋەكى

بېلىق تېنىدىكى ھاۋا خالتىسى پۇۋەكى بەزىدە چوڭلايدۇ، بەزىدە كىچىكلەيدۇ. ھاۋا خالتىسى چوڭلىسا لەيلىتىش كۈچى ئاشىدۇ - دە، بېلىق لەيلەپ چىقىدۇ؛ ھاۋا خالتىسى كىچىكلىسە، لەيلىتىش كۈچى تۆۋەنلەيدۇ - دە، بېلىق تۆۋەن چۆكىدۇ. بەزى بېلىقلاردا بېلىق خالتىسى بولمايدۇ، ئۇلار سۇدا توختىماي ئۈزۈپ يۈرگەندىلا، ئاندىن چۆكۈپ كەتمەيدۇ، لەھەڭ مۇشۇ خىلدىكى بېلىققا كىرىدۇ. لەھەڭنىڭ ئۈستى تەرىپى چوڭ، ئاستى تەرىپى كىچىك قۇيرۇق ئۈزگۈچىسى ئۇنىڭ تېز ئۈزۈشىگە ياردەم قىلىدۇ ھەمدە ئاستا ئۈزگەندە لەيلىتىش رولىنى ئوينايدۇ.



كىچىك ھەم تەكشى قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنىڭ ئالغا سىلجىتىشى ئاستا بولىدۇ.

بېلىق پۇۋەكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ سۇدا لەيلەيدۇ ۋە سۇغا چۆكىدۇ.





ئۈستىگە لەيلىگەندە پۇۋەكى چوڭىيىدۇ.

سۇ ئاستىغا چۆككەندە پۇۋەكى كىچىكلەيدۇ.

يېرىم ئاي شەكىللىك قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنىڭ ئالغا سىلجىتىشى تېز بولىدۇ.



زور كۆپچىلىك بېلىقلار سۇدا قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنى تەۋرىتىپ ئۈزىدۇ.

## بېلىق ئۈزگۈچىسى

بېلىق ئۈزگۈچىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئالغا سىلجىتىدۇ. ئۈزگۈچىسى بېلىقنىڭ سۇدىكى تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ياردەم بېرىدۇ، يەنە بېلىقنىڭ ئۈزۈش يۆنىلىشىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## كۆچىدىغان بېلىقلار

سالمون بېلىقى ئائىلىسىدىكى نۇرغۇن دېڭىز ـ ئوكيان بېلىقلىرى ھاياتىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى دېڭىز ـ ئوكياندا ئۆتكۈزىدۇ، كۆپىيىش دەۋرىگە كىرگەندە تۇغما قابىلىيىتى بويىچە ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئىچكى دەريالاردىكى تۇغۇلغان يېرىگە قايتىپ بېرىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. كۆچىدىغان بېلىقلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىلى سالمون بېلىقى (ئادەتتە كېتا بېلىقى دەپ ئاتىلىدۇ). ئاتلانتىك ئوكيان كېتا بېلىقى ئىچكى دەريادا تۇخۇم تۇغۇپ بولۇپ، دېڭىزغا قايتىپ كېتىپ، كېيىن يەنە بىر قېتىم ياكى كۆپ قېتىم كۆچۈپ كېلىپ تۇخۇم تۇغىدۇ.

كېتا بېلىقىدا ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان «سېزىش ئەزاسى» بار بولۇپ، ئۆزى تۇغۇلغان سۇ تەۋەلىكىنىڭ يورۇقى، تېمپېراتۇرىسى ۋە خىمىيىۋى تەركىبىنى سېزىپ بىلەلەيدۇ ۋە پەرق ئېتەلەيدۇ. شۇڭا، كۆچۈش ۋاقتىدا دەريانىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىنى ھامان تاپالايدۇ، ئاندىن يۇقىرىلىشنى تەڭشەپ، يۇقىرى ئېقىنغا قاراپ ئۈزۈپ، ئاخىر ئۆزى تۇغۇلغان جايغا بارىدۇ.



كۆچۈش جەريانىدا بىر نەرسە يېمەي، تېنىدىكى زاپاس ماينى سەرپ قىلىدۇ.





كېتا بېلىقىنىڭ كۆچۈش يولى 2000 كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ.

كېتا بېلىقى تۇخۇم تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن، تېنىنىڭ ئېغىرلىقى 40% دىن ئارتۇق يەڭگىللەپ تېنى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىلا دېڭىزغا قايتىپ كېتەلەيدۇ.



كېتا بېلىقى تۇخۇم تۇغۇپ ئەۋلاد كۆپەيتىدۇ.

كېتا بېلىقى دەريادا تۇغۇلىدۇ، دېڭىزدا چوڭ بولىدۇ، ئۇ مەشھۇر كۆچمەن بېلىقتۇر.



ھەر يىلى كۈزدە شىمالىي يېرىم شارنىڭ سۇزۇك، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق سۇ دائىرىسىدىكى كېتا بېلىقلىرى بىر يەرگە توپلىشىدۇ، ئاندىن دېڭىزدىن دەرياغا كىرىپ، ئۇزۇن مۇساپىلىق كۆچۈشكە ئاتلىنىدۇ.



كېتا بېلىقى دېڭىزدا جىنسىي جەھەتتە يېتىلىپ، جورا تېپىپ ئۆزلىرى تۇغۇلغان يەرگە قايتىپ بېرىپ كۆپىيىپ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ.

## بېلىقلارنىڭ سۇ ئۈزۈش سۈرئىتى

بېلىقلارنىڭ سۇ ئۈزۈش ھالىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى تېنىنىڭ ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكىتىگە تايىنىپ ئۈزىدۇ، مەسىلەن، يىلانسىمان بېلىقلار؛ بەزىلىرى قورساق قىسمىدىكى ئۈزگۈچىسىگە تايىنىپ ئۈزىدۇ. دېڭىزدا ئۈزۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بېلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنى تېز سۈرئەتتە تەۋرىتىش ئارقىلىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. بېلىقنىڭ سۇ ئۈزۈش سۈرئىتى بېلىقنىڭ تەن شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تېنى سۈيۈر شەكىللىك، زىلۋا، ئۇزۇن ھەمدە قۇيرۇق ئۈزگۈچىسى يېرىم ئاي شەكىللىك بېلىقلارنىڭ ئۈزۈش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولىدۇ.

ئۈزۈش سۈرئىتى ئەڭ تېز بېلىق يەلكەن بېلىق بولۇپ، تېنى سۈيۈر شەكىللىك، قۇيرۇق ئۈزگۈچىسى يېرىم ئاي شەكىللىك، دۇمبە ئۈزگۈچىسى قاتتىق، تىك بولۇپ بايراققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ سائەتلىك ئۈزۈش سۈرئىتى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.



يەلكەن بېلىق

# لەھەڭ

لەھەڭ (ئاكۇلا) كۆمۈرچەكلىك بېلىقلار تۈرىگە كىرىدۇ. لەھەڭنىڭ 300دىن ئارتۇق تۈرى بولۇپ، كىشىلەرگە كۆپ ئۇچرايدىغىنى ئاران 50 تۈردىن ئارتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 20 تۈردىن ئارتۇق لەھەڭ ئادەمگە ئۆزدىچىلا ھۇجۇم قىلىدۇ. تروپىك بەلۋاغىنىڭ ئىللىق دېڭىز تەۋەلىكىدە ياشايدىغان لەھەڭلەر، مەسىلەن، كۆك لەھەڭ، كۇرەكباش لەھەڭ، ئاق لەھەڭ قاتارلىقلار ھۇجۇمچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك گۆشخور بېلىقلاردۇر.



## لەھەڭنىڭ تېرىسى

لەھەڭنىڭ تېرىسى ناھايىتى يىرىك، سىرتىنى چىشلىق قالقانسىمان تەڭگىچىلەر يېپىپ تۇرىدۇ. تەڭگىچىسىنىڭ چىشى خۇددى ئۆزىنىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش ناھايىتى ئۆتكۈر. بۇ خىل چىشسىمان تەڭگىچىلەر لەھەڭ بىلەن كېيىنەك بېلىقلاردىلا بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان لەھەڭلەر تەڭگىچىسىدىكى چىشلىرىنىڭ شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ.










## سەزگۈر يۈز قىسمى

دېڭىز جانلىقلىرى ھەرىكەت قىلغاندا ئاجىز ئېلېكترو ماگنىت دولقۇنى تارقىتىدۇ. لەھەڭنىڭ يۈز نېرۋىلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سۇدىكى ھەر خىل جانلىقلار تارقاتقان ئېلېكترو ماگنىت دولقۇنىنى سېزىۋېلىپ، ئوۋنىڭ ئورنىنى توغرا بەلگىلەپ ھۇجۇم قىلىدۇ.

## لەھەڭنىڭ چىشى

لەھەڭنىڭ نەچچە قاتار ئۆتكۈر چىشى بولىدۇ، بۇ چىشلار ھەرە چىشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئوۋنى ئاستى ئېڭىكىدىكى چىشلىرى بىلەن چىشلىۋالىدۇ، ئاندىن ئۈستۈنكى - ئاستىنقى ئېڭىكىنى ئالدى - كەينىگە ھەرىكەتلەندۈرۈپ يۇتۇۋېتىدۇ.



ئوزۇقلۇق تۇتۇشقا ئىشلىتىدىغان ئامبۇر چىشى






ئالدى تەرەپتىكى چىشلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئارقا تەرەپتىكى چىشلىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ.



ئانا تېنىنىڭ سىرتىغا ئەمدىلا چىقىرىلغان كىچىك لەھەڭ

## تۆرەلمە تۇغىدىغان لەھەڭ

بەزى لەھەڭ بىۋاستە تۇخۇم تۇغمايدۇ. ئانا لەھەڭ تۇخۇمىنى قورسىقىدا كىچىك لەھەڭ قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ھامىلىسى قورساقتا بىر يىل ياشايدۇ. لەھەڭ بالىسى ئانا تېنىدىن ئايرىلغاندا، ئۆزى ئۈزۈپ ئوزۇقلۇق تېپىپ يەيدۇ.





لەھەڭنىڭ بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسى

## لەھەڭنىڭ بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسى

قىرغاققا يېقىن ياشايدىغان كىچىك تىپتىكى لەھەڭلەر تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. ئۇلار ئەچچىلا تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇغۇلغان بۇ تۇخۇملارنىڭ سىرتىنى بىر قەۋەت شىلىمشىق ماددا ئوراپ تۇرىدۇ. سۇدا شىلىمشىق ماددا مۇستەھكەم بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسىغا ئايلىنىپ، دېڭىز ئوتلىرى ياكى تاشلارغا ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ئاكۇلانىڭ تۇخۇمى ئاشۇ خالتىدا يېتىلىدۇ.

ئەڭ چوڭ لەھەڭ كىتسىمان لەھەڭ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر كېلىدۇ، بىراق ئۆزى ياۋاش، يەيدىغىنى دېڭىزدىكى لەيلىگۈچى كىچىك جانلىقلار.







چوڭ ئاق لەھەڭ

چوڭ ئاق لەھەڭ كىشىلەرگە ئەڭ كۆپ ھۇجۇم قىلىدۇ.



كۈرەكباش لەھەڭ

كۈرەكباش لەھەڭنىڭ چوقىدىسىدىكى ماڭلاي سۆڭىكى ئىككى يانغا ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، تۇگۈلگەن چاچقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ۋە بۇرنى تۈگۈن ئۇستىدە.



مۈڭگۈزلۈك لەھەڭ

مۈڭگۈزلۈك لەھەڭ ئۆزىنى دېڭىز تېگىدىكى قۇم ياكى شېغىل تاشلار ئارىسىغا يوشۇرۇۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.



ئۇزۇن قۇيرۇق لەھەڭ

ئۇزۇن قۇيرۇق لەھەڭنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.



بىگىز تۇمشۇق لەھەڭ ئوكياننىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايدۇ. بۇرنى خۇددى ئۇزۇن بىگىزدەك ئالدىغا چىقىپ تۇرىدۇ.



ياپىلاق لەھەڭ

ياپىلاق لەھەڭ كىچىك تىپتىكى يىرتقۇچ لەھەڭ بولۇپ، دېڭىز - ئوكياننىڭ ئاستىنقى قاتلىمىدا ياشايدۇ.



# توك چىقىرالايدىغان بېلىق

نۇرغۇن بېلىق توك چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە، لېكىن كۆپىنچىسى ئاجىز توك ئېقىمىنىلا چىقىرالايدۇ. پەقەت كېپىنەك بېلىق جەمەتىدىكى توكلۇق سىكاتى بېلىقى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ قىرغاقلىرىدىن يىراق دېڭىز تەۋەسىدىكى توكلۇق يىلانبېلىقنىڭ چىقىرىدىغان توك بېسىمى نەچچە 100 ۋولتقا يېتىدۇ. بېلىقلار توك چىقىرىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ كۈشەندىلىرىدىن مۇداپىئەلىنىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ. ئوزۇقلۇق تۇتۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىدۇ.




ئىپتىدائى كېپىنەك بېلىق بۇنىڭدىن تەخمىنەن 160 مىليون يىللار بۇرۇن ياشىغان، تېنى ياپىلاق ئىدى. ئىككى ياندىكى ئۈزگۈچلىرىگە تايىنىپ ئۈزەتتى. كۆزى چوققىسىدا، ئاغزى ئاستىدا ئىدى.

## توك چىقىرىدىغان زېرەك بېلىق

توك چىقىرىدىغان بېلىق مەلۇم دائىرىدە ئۇدا ئېلېكتر دولقۇنى قويۇپ بېرىپ، ئېلېكتر مەيدانى ھاسىل قىلىدۇ. باشقا ھايۋانلار كېسىپ ئۆتكەندە، ئېلېكتر مەيدانىنىڭ كۈچىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. توك چىقىرىدىغان بېلىق ئېلېكتر مەيداندىكى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن، كەلگۈچىنىڭ ئۆزى كېلىپ قالغان ئوۋ ياكى ئىزدەپ كەلگەن دۈشمەن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ.





## توك چىقىرىش پرىنسىپى

بېلىقنىڭ توك چىقىرىش ئەزاسى يۇقىرى ئۈنۈملۈك توك چىقىرىش ھۈجەيرىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ، بۇ ھۈجەيرىلەر بىرقانچە ئېلېكترود تاختىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. بېلىق تىنچ ھالەتتە تۇرغاندا بۇ ھۈجەيرىلەر توك چىقارمايدۇ، غىدىقلىنىشقا ئۇچرىسا بېلىقنىڭ چوڭ مېڭىسى كۆپلىگەن نېرۋا سىگناللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سىگناللار نېرۋا يەتكۈزگۈچى توقۇلمىسىدىن توك چىقىرىش ھۈجەيرىلىرىگە يەتكۈزۈلۈشى نەتىجىسىدە، بىئو ئېلېكترلىق ئېنېرگىيە پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بېلىق تېنىدىكى بارلىق ئېلېكترود تاختىلىرى ياكى توك چىقىرىدىغان ھۈجەيرىلەرنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى تېز جۇغلىنىپ، يۇقىرى توك بېسىمى ھاسىل قىلىدۇ. تەجرىبە ئارقىلىق كۆرسىتىلىشىچە، يوغان سىكاتى بېلىقنىڭ توك بېسىمى 220 ۋولتقا، توكلۇق يىلانبېلىقنىڭ 650 ۋولتقا يېتىدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com












## توكلۇق يىلانبېلىق

توكلۇق يىلانبېلىقنىڭ توك چىقىرىش ئەزاسى تېنىنىڭ ئىككى يېنىدا. توك چىقىرىش ئەزاسى تېنىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا توكلۇق يىلانبېلىق چىقىرىدىغان توكنىڭ بېسىمى 650 ۋولتقا يېتىدۇ. توكلۇق يىلانبېلىق كۆپىنچە سۇ ئاستىغا يوشۇرۇنىدۇ، كۈچلۈك توك چىقىرىش قورالىدىن پايدىلىنىپ يېمەكلىككە ئاسانلا ئېرىشىدۇ.




توك چىقىرىدىغان بېلىقلارنىڭ تۈرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبىدىن، توك چىقىرىش ئەزاسىنىڭ ئورنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. يوغان سكاتى بېلىقىنىڭ توك چىقىرىش ئەزاسى دۈمبىسىنىڭ ئىككى يېنىدا بولىدۇ. توك چىقىرىدىغان بېلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ توك چىقىرىش ئەزاسى قۇيرۇق قىسمىدا بولىدۇ.




## كېپىنەك بېلىقلار

كېپىنەك بېلىقلار كۆمۈرچەكلىك بېلىقلارغا تەۋە بولۇپ، لەھەڭنىڭ يېقىن تۇغقىنى. ئۇنىڭ تېنى قىسقا ھەم ياپىلاق، قۇيرۇقى ئالاھىدە ئۇزۇن. دۇنيادا تەخمىنەن 470 تۈرى بار، تارقىلىشى ئىنتايىن كەڭ. ئۇلار مۆتىدىل بەلۋاغ، تروپىك بەلۋاغ دېڭىز تەۋەلىكىدە ياشايدۇ. دەريا، كۆللەردە ياشايدىغانلىرىمۇ بار، 3000 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىزدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كۆپىنچىسىنىڭ توك چىقىرىش ئىقتىدارى بار. توك چىقىرىش ئەزاسى قۇيرۇق قىسمىغا جايلاشقانلىرىنىڭ چىقىرىدىغان توك ئېقىمى ئاجىزراق بولىدۇ، توك چىقىرىش ئەزاسى كۆكرەك ئۈزگۈچىسىنىڭ تۈۋىگە جايلاشقان يوغان سكاتى بېلىقىنىڭ چىقىرىدىغان توك بېسىمى 220 ۋولتقا يېتىدۇ.




كېپىنەك بېلىقنىڭ قورساق تەرىپى

كېپىنەك بېلىقنىڭ ئاغزىدا نۇرغۇن ئۈتكۈر چىش بار.




كېپىنەك بېلىقنىڭ تەن تۈزۈلۈشى

كۆكرەك ئۈزگۈچىسىنىڭ ئۈزىراپ چىقىپ تۇرغان قىسمىدىكى يان سىزىقچىلار تېمپېراتۇرا، ماگنىت مەيدانى ۋە ئېلېكتر مەيدانىنىڭ كۈچىنىشىنى سىزەلەيدۇ.

# سەككىزئاياغ ۋە سىياھبېلىق

سەككىزئاياغ، سىياھبېلىق دېڭىز ـ ئوكيان يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلىرىغا تەۋە. بۇ ھايۋانلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى پۇتى بېشىدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى ھايۋانلار بىئولوگىيىدە باش پۇتلۇقلار دەپ ئاتىلىدۇ. باش پۇتلۇقلار بىر چوڭ جەمەت بولۇپ، تەخمىنەن 650 تۈرى بار. قىزىقارلىق يېرى، بۇ خىلدىكى ھەربىر تۈرنىڭ شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ، ئەڭ كىچىك باش پۇتلۇق ھايۋاننىڭ تېنى ئاران ئالتە مىللىمېتىر چىقىدۇ، ئەڭ چوڭىنىڭ ئېغىرلىقى 1000 كىلوگرامدىن ئېشىپ كېتىدۇ، سەزگۈچى بۇرۇتچىسى 20 مېتىرغا يېتىدۇ.



سىياھبېلىق

باش پۇتلۇق ھايۋانلار دېڭىز ـ ئوكيانغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان، بۇ خىل ھايۋانلارنى قىرغاقتا يېقىن دېڭىز تەۋەسىدىمۇ ياكى چوڭقۇرلۇقى 7000 مېتىر چىقىدىغان چوڭقۇر ئوكياندىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.



سەككىز ئاياغ



## سەزگۈچى بۇرۇتچىلار بىلەن تولغان بېشى

باش پۇتلۇقلارنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، باش قىسمى سەزگۈچى بۇرۇتچىلار بىلەن تولغان. تۈرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، سەزگۈچى بۇرۇتچىلىرىنىڭ سانىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. سەككىزئاياغدا سەككىز تال، سىياھبېلىق ياكى لولىگودا ئون تال سەزگۈچى بۇرۇتچە بار. نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى ھازىر ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر باش پۇتلۇق بولۇپ، سەزگۈچى بۇرۇتچىلىرى 90غا يېتىدۇ



300 مىليون يىللار بۇرۇنقى نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى

## ئەقىللىق سەككىزئاياغ

ئالىملار سەككىزئاياغنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ھەم غەلىتە ئومۇرتقىسىز ھايۋان ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭدا ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئىقتىدارى، يەنە قىسقا مۇددەتلىك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئۇ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىغا كۆرۈش سېزىمىنىڭ ئىدىيىلىنىشقا ئۈچرىشى بىلەن ئېرىشىدۇ.




## ئۆزگىرىشچان تەن رەڭگى

سەككىزئاياغنىڭ نېرۋا سىستېمىسى تېرىسىدىكى رەڭ ھۈجەيرىلىرىنى توغرا تىزگىنلىيەلەيدۇ. بۇ ھۈجەيرىلەر بەك سەزگۈر بولۇپ، غىدىقلىنىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئېپىدېرمىسقا تىزىلىپ ھەر خىل رەڭلەرنى ئىپادىلەيدۇ. رەڭگىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىشىمۇ ياكى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆزگەرتىشىمۇ مۇمكىن. تەن رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇش دۈشمىنىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، نىقابلىنىش ئۈچۈنلا بولماستىن، يەنە ئۇنىڭ كەيپىيات ئۆزگىرىشىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن، قىزىل رەڭ غەزەپلەنگىنىگە، ئاق رەڭ قورقىنىنى بىلدۈرىدۇ.

## ئۆزگىچە ئوزۇقلۇق تۇتۇش ئۇسۇلى

سەككىزئاياغ، سىياھبېلىق، لولىگو قاتارلىق باش پۇتلۇقلارنىڭ شاتۇتىنىڭكىدەك ئاغزى بار. قاسىراقلىقلار، بېلىقلار ئۇلارنىڭ سەزگۈچى بۇرۇتچىسى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىپ قالسا، شاتۇتىسىمان ئاغزى بىلەن چىڭ چىشلىۋالىدۇ ھەمدە تېزدىن زەھەرلىك سۈيۇقلۇق چىقىرىپ ئۇۋنى قارشىلىق ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئاندىن ھەزىم قىلىش سۈيۇقلۇقىدىن پايدىلىنىپ تەدرىجىي پارچىلاپ ئىستېمال قىلىدۇ.

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## سىياھبېلىق

سىياھبېلىقنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسىدا سىياھ [illegible] سىياھ خالتىسى بولىدۇ. سىياھبېلىق چۆچۈسە ياكى ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، سىياھنى مەقئەتتىن پۈركۈپ چىقىرىدۇ. سىياھ دېڭىز سۈيىگە يولۇققۇش بىلەن تېزلىكتە تاراپ، دېڭىز سۈيىدە بىر پارچە قارا تۇمان پەيدا قىلىدۇ، ئۆزى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ. بەزى سىياھبېلىقلارنىڭ كۆشەندىلىرىگە يولۇققاندا ياكى غىدىقلىنىشقا ئۇچرىغاندا قويۇپ بېرىدىغان سىياھى قارا بولماستىن، «يالت ـ يۇلت» پارقىراپ تۇرىدۇ. بۇنداق سىياھنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بىھوش قىلىش رولى بار بولۇپ، دۈشمىنىنىڭ كۆزى ۋە پۇراش سېزىمى كارغا كەلمەي قالىدۇ، سىياھبېلىق ئۆزى قېچىپ كېتىدۇ.






## سۇ پۈركۈپ ئىلگىرىلەش سىستېمىسى

يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلاردا مۇسكۇل كۈچى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۇزۇن مۇساپىگە تېز ئۈزۈپ بېرىشى تەس. ئەمما، سەككىزئاياغ بىلەن سىياھبېلىق يىراققا تېز ئۈزەلەيدۇ. سەككىزئاياغ ۋە سىياھبېلىقنىڭ بويۇن قىسمىدا زەمبىرەك ستۋولىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەيچە بار. سۇ ئۆزگەندە ئۇنىڭدىن يۇقىرى سۈرئەتلىك سۇ ئېقىنى پۈركۈپ چىقىرىلىدۇ. سۇ ئېقىنى پەيدا قىلغان ئەكس تەسىر قىلىش كۈچى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولىدۇ.

## سەككىزئاياغنىڭ تېنى

سەككىزئاياغنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى پەرق ئېتىش ناھايىتى ئاسان، چۈنكى ئۇنىڭ بېشى چوڭ ۋە بېشىدا شورىغۇچى تەخسىلەر بىلەن تولغان سەككىز تال ئۇزۇن بۇرۇتچىسى بولىدۇ. بىر قاراشتا سەككىزئاياغنىڭ بېشىدىن قالسىلا بۇرۇتچىلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. بېشىدا بىر جۈپ چوڭ كۆزى بولىدۇ. كۆزىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى ئاغزى خۇددى شاتۇتنىڭ ئاغزىغا ئوخشايدۇ. سەككىزئاياغنىڭ تېنى باش قىسمىنى ھالقىدەك ئوراپ، بېشى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ. باش قىسمىدىن چىققان ئۇزۇن بۇرۇتچىلىرىنىڭ مۇداپىئەلىنىش ۋە يېمەكلىك تۇتۇش ئىقتىدارى بار. باش قىسمىدا ئاغزىدىن باشقا يەنە چوڭ مېڭىسى ۋە ھەزىم قىلىش، نەپەسلىنىش سىستېمىسى بولىدۇ. سەككىزئاياغمۇ سىياھ پۈركۈيەلەيدۇ.






نائۇتىلۇس قۇلۇلىسىنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى



نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى

## نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى

نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى، سىياھبېلىق، سەككىزئاياغ قاتارلىقلارنىڭ ئەجدادى بىر. كېيىن سەككىزئاياغ، سىياھبېلىق قاتارلىق يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلارنىڭ قېپى نەچچە 100 مىليون يىللىق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا يوقىلىپ كەتكەن، نائۇتىلۇس قۇلۇلىسىلا ئەجدادىنىڭ شەكلىنى ساقلاپ قالغان. ئۇنىڭ قېپى ئىچىدە نۇرغۇن كىچىك بۆلۈمچىلەر بولىدۇ. ئەڭ سىرتىدىكى بۆلۈمچە ئۇنىڭ ياتىدىغان ئورنى، قالغان بۆلۈمچىلەردە ھاۋا ساقلايدىغان بولغاچقا، ھاۋاخانا دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىك بۆلۈمچىلەردىكى ھاۋانى تەڭشىگىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نائۇتىلۇس قۇلۇلىسى دېڭىزغا چۆكىدۇ ياكى لەيلەيدۇ. ئۇ ئادەتتە دېڭىز تېگىدە ياشايدۇ، ئۆلۈپ قالغاندىلا دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ.




## لولىگو (كالمار)

چوڭقۇر ئوكيانلاردا دائىم ئۇچرايدۇ. تېنى يۇمىلاق كانايسىمان شەكىللىك، قۇيرۇق قىسمىدا رومبىسىمان بىر جۈپ ئۈزگۈچىسى بولىدۇ. بېشى بىلەن بارماقسىمان پۇتلىرى يىغىلىپ بىر بولغاندا راكېتاغا ئوخشايدۇ. لولىگونىڭ ئالاھىدە تەن شەكلى ۋە ئاجايىپ سۇ پۈركۈپ ئىلگىرىلەش سىستېمىسى بولغاچقا، سائەتلىك سۇ ئۈزۈش سۈرئىتى 50 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

# راك ۋە قىسقۇچپاقا





راك بىلەن قىسقۇچپاقا قاسىراقلىق ھايۋانلارغا تەۋە. ئۇلارنىڭ تېنىنى قاتتىق، مۇستەھكەم، بوغۇملىرى بار قاسىراق ئوراپ تۇرىدۇ. بەش جۈپ پۇتى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تۆت جۈپى مېڭىشقا ۋە سۇ ئۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ، بىر جۈپ چوڭ قىسقۇچ پۇتى يېمەكلىك تۇتۇشقا ۋە كۈشەندىلىرىدىن مۇداپىئەلىنىشكە ئىشلىتىلىدۇ. راك بىلەن قىسقۇچپاقا ئۆسۈش جەريانىدا قاسىرىقىنى بىرقانچە قېتىم تاشلايدۇ. قاسىراق ئالماشتۇرۇش ئۇلارنىڭ چوڭايغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

## قىسقۇچ راك

قىسقۇچ راكنىڭ قاتتىق قاسىرىقى بولىدۇ، چوڭىيىش جەريانىدا قاسىرىقى ئىچكى ئەزالىرىنىڭ چوڭىيىشىنى چەكلەپ قويىدۇ، شۇڭا بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قاسىرىقىنى چوڭراق قاسىراققا ئالماشتۇرىدۇ. قاسىراق تاشلاش قىسقۇچ راكنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچ. چۈنكى، قىسقۇچ راك بۇ مەزگىلدە بىر نەرسە يېمەي جىم ھالەتتە تۇرىدۇ، تېنىدە بۇرۇن زاپاس ساقلىغان ئېنېرگىيە ۋە كالتسىي كاربوناتقا تايىنىپ يېڭى قاسىراق ھاسىل قىلىدۇ. مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى تامامەن يوق. ھۇجۇم ۋە زەخىملىنىشكە ئىنتايىن ئاسان ئۇچرايدۇ.



قىسقۇچ راكنىڭ قاتتىق قاسىرىقى قەدىمكى زاماندىكى ياساۋۇللارنىڭ ساۋۇتىغا ئوخشايدۇ.






قىسقۇچ راكنىڭ ئىككى مۈرەككەپ كۆزى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدە پولتىيىپ تۇرىدۇ ھەمدە ھەرىكەتلىنەلەيدۇ، شۇڭا كۆرۈش دائىرىسى ئالاھىدە كەڭ بولىدۇ.



ئوراتورىيە راكى



چوڭ راك

قىسقۇچ راكنىڭ ئىشتىھاسى بەك ياخشى بولۇپ، دېڭىزدا يېمەيدىغان نەرسىسى يوق دېيەرلىك. مىكرو ئورگانىزملار، ھاشاراتلار، كىچىك بېلىقلاردىن تارتىپ يۇسۇنلار، چىرىندىلەرگىچە ھەممىسىنى يەۋېرىدۇ.



قاسىراق تاشلاۋاتقان قىسقۇچ راك

قىسقۇچ راك قاسىراق تاشلاشقا باشلىغاندا، قورسىقى بىلەن باش كۆكرەك قىسمى تۇتاشقان جايدىكى نېپىز پەردە يېرىلىپ ئېچىلىدۇ، قاسىراقنىڭ دۈمبە قىسمىدىن يېرىق شەكىللىنىدۇ. ئۇ تىرىشىپ يۈرۈپ كونا قاسىرىقىنى تاشلىۋېتىدۇ.

## پۇتىنىڭ قايتا ئۆسۈش ئىقتىدارى

قىسقۇچ راك قاسىراق تاشلىغاندا بەزى پۇت ـ قوللىرىنى قاسىراق ئىچىدە قالدۇرۇپ قويىدۇ. قىسقۇچ راك ۋە ئۇنىڭ باشقا تۇرلىرىدە پۇت ـ قوللىرىنىڭ قايتا ئۆسۈش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئۇ قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغۇدەك بولسا، تېنىنىڭ بىر قىسمىنى تاشلىۋېتىش چارىسىنى قوللىنىدۇ، كۈشەندىسى ئۇنى يەۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تىكىۋېتىدۇ.




## قىسقۇچپاقا

قىسقۇچپاقا قاسىراقلىقلار ئىچىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات دەرىجىسى يۇقىرىراق تۈر. بېشى بىلەن كۆكرىكى بىرلىشىپ باش كۆكرەك قىسمىنى شەكىللەندۈرگەن. پۈتۈن گەۋدىسىنى دۈمبە قاسىراقچىلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. قورساق قىسمى تەرەققىي قىلمايدۇ. بىر جۈپ قىسقۇچ پۇتى بولىدۇ.



## يېڭى كىيىم ئالماشتۇرۇش

قىسقۇچپاقىمۇ چوڭىيىش جەريانىدا بىرقانچە قېتىم قاپ تاشلايدۇ. يېڭى قېپى كالتىسى كەمچىل بولغانلىقتىن ئانچە قاتمايدۇ، شۇڭا كالتسىي تولۇقلاش ئۈچۈن كونا قېپىنى تېزدىن يەۋېتىدۇ.

## قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا

قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقىلارنىڭ كۆپىنچىسى دېڭىزدا ياشايدۇ، لېكىن ئايرىملىرى، قۇرۇقلۇقتا ياشايدۇ. ئۆز تېنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە تامامەن ماس كېلىدىغان قۇلۇلە قېپىدا ياشاش ھەمدە تېنىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ قۇلۇلە قېپىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى. ئۇ قېپى ئۈستىدە ئۆسكەن دېڭىز ئاپتەپپەرىسىنى بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. دېڭىز ئاپتاپپەرىسى قىچىشتۇرىدىغان، ئاغرىتىدىغان ماددىلارنى چىقىرىپ، قىسقۇچپاقىغا كۈشەندىلىرىنى يېقىن يولاتمايدۇ.



دېڭىز ئاپتاپپەرىسى دائىم قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا بىلەن بىللە ياشايدۇ.





قۇرۇق قۇلۇلە قېپى

قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا



قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا ماكان تاللىغاندا، ئالدى بىلەن قۇرۇق قۇلۇلە قېپىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى قىسقۇچ پۇتى بىلەن ئۆلچەپ، ماس كېلىدىغان قۇرۇق قۇلۇلە قېپىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ.



يېڭى ئۆي تاپتى.



قىسقۇچپاقا تەھدىتكە ئۇچرىسا، قاپ ئىچىگە تېزدىن تۈگۈلۈپ كىرىۋالىدۇ ھەمدە قاتتىق قىسقۇچ پۇتى بىلەن قۇلۇلە قېپىنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالىدۇ.









پراۋن



## پراۋن (جۈپ راك)

پراۋن دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى. يېتىلگەن پراۋن كۆپىنچە 12 سانتىمېتىردىن ئارتۇق بولىدۇ. بېلىقچىلار ئۇنى دېڭىزدىن تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئىككىسىنى جۈپلەپ ياكى جۈپ تىزىق قىلىپ ساتىدۇ. شۇڭا جۈپ راك دەپ ئاتالغان. پراۋننىڭ تېنى سۈزۈك بولىدۇ، شۇڭا بەزىلەر سۈزۈك راك دەپمۇ ئاتايدۇ. ھەر يىلى باھار، ياز پەسلىدە ئەسلىدە سېرىق دېڭىز تەۋەسىدە ياشايدىغان پراۋنلار تەرەپ تەرەپتىن بوخەي دېڭىز تەۋەسىدە كېلىپ تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. پراۋن باللىرى زىمىستان قىش يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن توپ - توپ بولۇپ ئەسلىدىكى يولىنى بويلاپ كۆچۈپ، سېرىق دېڭىز ئارقىلىق جەنۇب تەرەپتىكى سۇيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىراق بولغان دېڭىز تەۋەلىكىگە قايتىپ بارىدۇ.



# گۈزەل مارجان خادا تاش دۇنياسى

مارجان خادا تاشلىرى دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى ئەڭ مۇرەككەپ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىلارنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن يۇسۇنلار، بېلىقلار ۋە كاۋاك ئىچلىك هايۋانلار بار، ئۇلار مارجان خادا تاشلىرى دۇنياسىنىڭ جانلىقلار تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەن. مارجان خادا تاشلىرىدا ياشايدىغان يۇسۇنلار ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى ياساشتا كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى سۈمۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زور مىقداردا ئوكسىگېن قويۇپ بېرىپ، مارجان قۇرتىنىڭ ئىسكىلىت ياساشتىكى ئېهتىياجىنى قامدايدۇ. شۇڭا، مارجان خادا تاشلىرى دۇنياسى دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى تروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## خادا تاش بەرپا قىلغۇچى قالتىس هايۋان

مارجان هاياتلىققا ئىگە كاۋاك ئىچلىك هايۋان بولۇپ، ئادەتتە مارجان قۇرت دەپ ئاتىلىدۇ. مارجان قۇرتلىرى دېڭىز تەكتى ياكى دېڭىزدىكى تاغ جىنسلىرىنىڭ يۈزىگە چاپلىشىپ تۇراقلىشالايدۇ، ئاندىن تۇراقلاشقان يىلتىز تەكتىدىن يۇمشاق نەيچىسىمان تېنىنى ئۆستۈرۈپ چىقىرالايدۇ. نەيچىسىمان تېنىنىڭ ئۇستۇنكى تەرىپى ئېغىزى هېسابلىنىدۇ. ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدا زەهەرلىك ماددا ئاجرىتىپ چىقىرالايدىغان نەچچە تال سېزىش قوللىرى بولۇپ، ئەتراپتىكى لەيلىگۈچى جانلىقلارنى تۇتۇپ ئوزۇقلىنىشتا ئىشلىتىدۇ. مارجان قۇرت نەيچىسىمان تېنىنىڭ سىرتقى دېۋارى هاك ماددىسى ئاجرىتىپ چىقىرالايدۇ، بۇ ماددىلار يۇمشاق تېنىنى ئوراپ تۇرىدىغان سىرتقى ئىسكىلىت قىسمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مارجان قۇرت خەتەرگە يولۇققاندا، ئىسكىلىت ئىچىگە قورۇلۇپ كىرىۋالىدۇ. مارجان قۇرت دەرەخكە ئوخشاش ئۈزلۈكسىز شاخلىنىپ، مارجان تۈركۈملىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مارجان قۇرتلىرى خادا تاش ياسىغۇچى مارجان دەپمۇ ئاتىلىدۇ.




مارجاننىڭ تۈزۈلۈشى



ئېلىمىزنىڭ شىشا ۋە نەنشا تاقىم ئاراللىرىدىكى ئارال خادا تاشلىرى خادا تاش ياسىغۇچى مارجانلارنىڭ سۆڭەك ئىسكىلىتلىرىنىڭ دۆۋىلىنىشىدىن شەكىللەنگەن.

## مارجان خادا تاشلىرىنىڭ شەكىللىنىشى

تروپىك بەلۋاغ دېڭىز ـ ئوكيانلىرىغا غايەت زور مارجان خادا تاشلىرى ياكى مارجان ئاراللىرى جايلاشقان. ئۇلار مارجان قۇرتلىرى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان. مارجان قۇرتلىرى هاك ماددىسى ياكى مۈڭگۈز ماددىلىرىنى ئاجرىتىپ چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سىرتقى ئىسكىلىتلىرىنى هاسىل قىلالايدۇ. مانا بۇلار ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان مارجانلارنىڭ ئۆزى شۇ. مارجان قۇرتلىرىنىڭ ئۆسۈشى هەم كۆپىيىشى ناهايىتى تېز. مارجان قۇرتلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەجدادلىرىنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرى ئۇستىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد كۆپىيىپ بارىدۇ. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مارجان قۇرتلىرى توپى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ زورىيىدۇ، ئىسكىلىت ـ سۆڭەكلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ جۇغلىنىدۇ. ئىسكىلىتلار بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ، پۈتۈن بىر توپنىڭ ئىسكىلىت قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ قۇرۇلمىنىڭ ئارىسىدا يەنە ئۈزلۈكسىز بىرىكىش يۈز بېرىدۇ هەم كېڭىيىشكە ۋە ئېگىزلەشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، غايەت زور مارجان خادا تاشلىرى شەكىللىنىدۇ. سۇ يۈزىدىن ئۆرلەپ چىققانلىرى مارجان ئاراللىرىغا ئايلىنىدۇ.





ئۇششاق مەرۋايىتسىمان دېڭىز ئاپتاپپەرىسى





پەيسىمان دېڭىز ئاپتاپپەرىسى

گىگانت دېڭىز ئاپتاپپەرىسى



دېڭىز ئاستى مارجانلار دۇنياسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىنچىكە قوللۇق سىئانىيە مېدۇزىسى

## مېدۇزا

مېدۇزا گۆشخور ھايۋان بولۇپ، سۇدا لەيلەپ ياشايدۇ. ئۇ ئۆزىدىن خېلى چوڭ ئوۋلارنىمۇ تۇتۇپ يېيەلەيدۇ. مېدۇزىنىڭ تېنى ئوۋنى يېگەندىن كېيىن بىراقلا يوغىناپ كېتىدۇ، ئاندىن ئوۋنى ئاستا ـ ئاستا ھەزىم قىلىدۇ. مېدۇزىلار ئادەتتە ئوۋنى قوغلاپ تۇتمايدۇ، كۆپىنچە ئوۋنىڭ ئۆزى مېدۇزىنىڭ سېزىش قوللىرىغا سوقۇلۇپ ناھايىتى تېزلا تۇتۇلۇپ قالىدۇ. مېدۇزىنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، بەز تەنچىلىرى بولغاچقا، جىنسلىق كۆپىيەلەيدۇ. ئەركەك ۋە چىشى مېدۇزىلار گامېتا ھۆجەيرىلىرىنى دېڭىز سۈيىگە چىقىرىدۇ، ئاندىن ئۇرۇقلىنىپ كۆپىيىدۇ.






گۆشنانىسمان مېدۇزا

## گۈزەل گۈل ـ گىياھلاردەك ھايۋان

ئاكتىنىيە كۆرۈنۈشى ئاپتاپپەرەسكە ئوخشىغاچقا، دېڭىز ئاپتاپپەرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھەم جىنسلىق كۆپىيەلەيدۇ، ھەم بىخلىنىش شەكلى ئارقىلىق كىچىك چىشى ئاكتىنىيەلەرنى ھاسىل قىلالايدۇ، بۇ تەرىپى ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشايدۇ. يېتىلگەن ئاكتىنىيىنىڭ ھەممىسىدە كېڭىيەلەيدىغان ئېغىزى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سېزىش ـ تۇتۇش قوللىرى بولىدۇ. يىراقتىن قارىغاندا، بۇلار گۈل بەرگلىرىدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋى قىسمىدا مارجان خادا تاشلىرىغا چاپلىشىدىغان پۇت تەخسىسى بولىدۇ. ئاكتىنىيىنىڭ ئاشقازىنىدا ھەزىم قىلىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان تەن سۇيۇقلۇقى بولۇپ، يېمەكلىك ئاشقازىنىغا كىرسىلا، ناھايىتى تېزلا ھەزىم قىلىنىۋېتەلەيدۇ.



قىسقۇچ تۇمشۇق بېلىق



يىلپىزسىمان چىپار بېلىق

كۆك چېكىتلىك كېپىنەك بېلىق



## رەڭگارەڭ نىقابلار

مارجان خادا تاشلىق دېڭىز تەۋەسىدە ياشايدىغان بېلىقلار بەدىنىدىكى قىزىل، سېرىق، كۆك قاتارلىق بەدەن رەڭگىدىن پايدىلىنىپ تاشقى مۇھىت بىلەن سىڭىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ تەن سىرتىدىكى داغ چېكىتلىرى، يول - يول سىزىقلىرى، پارچە داغلىرى بەدەن شەكلىنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى يېتەرلىك ئۆزگەرتىپ، كۆشەندىلىردىنى قايمۇقتۇرۇۋېتىدۇ. بەزى بېلىقلارنىڭ بەدىنىنىڭ رەڭگى ئاگاھلاندۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ، يەنى رەڭگى ئارقىلىق ئۆز تۇرداشلىرىغا بۇ يەرنىڭ ئىگىسى بار تەۋەلىك ئىدىكەنلىكىنى، بۇ يەرگە يېقىن كەلمەسلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆركەم بەدەن رەڭگى يات جىنستىكىلەرنىڭ كېلىپ چېتىشىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش رولىغىمۇ ئىگە.

www.uyghurkitap.com

## شەكلى غەلىتە بېلىقلار

كۆپ ساندىكى بېلىقلار ئۆلچەملىك تەن شەكلىگە ئىگە، لېكىن مارجان خادا تاشلىرى دېڭىز تەۋەسىدىكى بېلىقلارنىڭ تەن شەكلىدە ئۆزگىرىش بولغان. بەزىلىرىنىڭ تېنى ئۇزىراپ، ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن يا ئوقىغا ئوخشاش قالغان؛ بەزىلىرىنىڭ تېنى ياپىلاقلىشىپ، دېڭىز تەكتىگە چىڭ يېپىشىشقا ماسلاشقان؛ بەزىلىرىنىڭ تەن شەكلى ئېگىز ھەم نېپىز بولۇپ، مارجانلار ئارىسىدا ئۆتۈشۈپ يۈرۈشى قولايلاشقان؛ بەزىلىرىنىڭ ئۇزگۈچلىرى لەيلەپ يۈرگەن شاخ - يوپۇرماقلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ تەن شەكىللىرىمۇ بىر خىل نىقابلىنىش تەبىئىي ئىقتىدارى ھېسابلىنىدۇ.

كىرپە بېلىق





ھەرە كۆنىكىسىمان چىپار بېلىق



بىر تىكەن قۇيرۇقلۇق بېلىق



گادوس بېلىقى



پىترو بېلىقى



تىكەنلىك خولوتسېنتروس بېلىقى



يېسسى بېلىق



لايخور بېلىق



ئاق قۇيرۇق، كۆك سىزىقلىق پەرى بېلىق






## سەقەنقۇرمۇ بېلىق

سەقەنقۇرنىڭ بېشى ئات بېشىغا، قۇيرۇقى مايمۇن قۇيرۇقىغا، كۆزى خامېلېئوننىڭكىگە، بەدىنى قىر - بۇرجەكلىك ياغاچ ئويمىغا ئوخشايدۇ. سىرتقى شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بېلىق بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە سەقەنقۇر ۋە ئۇنىڭ تۇردىشى يىڭنىبېلىقلار ئوخشاشلا مارجان خادا تاشلىرى بېلىقلىرىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ كۆپىيىش ئۇسۇلى تولىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ھەربىر ئەركەك سەقەنقۇردا تېرە قاتلاقلىرىدىن تۈزۈلگەن بىر قورساق خالتىسى بولىدۇ. چىشى سەقەنقۇر تۇخۇملىرىنى ئەركەك سەقەنقۇرنىڭ قورساق خالتىسىغا تۇغىدۇ. تۇخۇملار ئاتا بولغۇچى سەقەنقۇرنىڭ قورساق خالتىسىدا تۇخۇمدىن چىقىپ بالا سەقەنقۇرلارغا ئايلىنىدۇ.

سەقەنقۇرنىڭ قۇيرۇق ئۇزگۈچىسى بولمايدۇ، قۇيرۇق قىسمى ئادەتتە دېڭىز يۇسۇنلىرىغا يۆگىلىپ تۇرىدۇ.



# يىلان ۋە كەسلەنچۈك





يىلان ۋە كەسلەنچۈكلەرنىڭ ھەممىسى يەر بېغىرلىغۇچىلارغا كىرىدۇ، شۇنداقلا بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆزگىرىشچان ھايۋانلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ناھايىتى ناچار، تېنى تەڭگىچىلەر بىلەن قاپلانغان، تېرىسىنىڭ نەپەسلىنىش ئىقتىدارى يوق، تېرە بەزلىرىمۇ يوق، شۇڭا تېنىدىكى سۇنىڭ پارلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. يىلان ۋە كەسلەنچۈك تۇخۇم تۇغۇش ئارقىلىق ياكى تۇخۇم تۆرەلمىلىك تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشاش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تۈزلەڭلىك، تاغلىق، ئوتلاق، ئورمانلىق، سۇ، قىرغاق، چۆل - باياۋانلاردا ماكان تۇتۇپ ياشايدۇ، تولىسى قىش پەسلىدە ئۈچەككە كىرىدۇ.

## يىلان

يىلاننىڭ تېنى تەڭگىچە قاسىراقلار بىلەن قاپلانغان، ھەرىكەت قىلغاندا تېرە ئاستى مۇسكۇللىرىنىڭ رولىغا تايىنىپ، قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنى ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق ئىلگىرىلەيدۇ. يىلاننىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ناھايىتى ناچار، لېكىن تىلى ناھايىتى ئۇزۇن، ئۇچى ئاچىماق، تىلدا نۇرغۇن سەزگۈ تەنچىلىرى بولۇپ، پۇراق ۋە تەۋرىنىشلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن سېزەلەيدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق دۈشمەن ياكى يەمچۈك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ. ئاستىنقى ئېڭەك مۇسكۇللىرى ناھايىتى ئەۋرىشىم بولغاچقا، ئاغزىنى يوغان ئاچالايدۇ، شۇڭا ئۆزىنىڭ بېشىدىنمۇ چوڭ يەمچۈكلەرنى يۇتالايدۇ.

يىلان قىش پەسلىدە ئۆزلۈكىدىن ئۈچەككە كىرىپ، ئىككىنچى يىلى ھاۋا ئىللىپ گۈللەر ئېچىلغاندا ئويغىنىدۇ.





يىلانلار چوڭىيىش جەريانىدا تېرە تاشلايدۇ، يىلان تېرىسىنى جۇڭگو تېبابىتىدە دورا قىلىشقا بولىدۇ.

### زەھەرلىك يىلاننىڭ چىشى

زەھەرلىك يىلاننىڭ ئۈستۈنكى ئېڭىكىدە ئىككى تال زەھەر چىشى بولىدۇ. زەھەر چىش ئۈچلۇق ھەم ئۇزۇن بولىدۇ، چىش مەركىزىدە بىر كانالچە يولى بولىدۇ. زەھەرلىك يىلان مەلۇم جىسىمنى چىشلىگەندە، تېنىدىكى زەھەر سۈيۈقلۇق كانالچە ئارقىلىق ئېتىلىپ چىقىدۇ. بۇ يىلاننىڭ ئۆزىنى قوغداش قورالى.






ئافرىقا تۇخۇم يۇتقۇچى يىلىنى

ئافرىقا ئوتلاقلىرىدىكى تۇخۇم يۇتقۇچى يىلان ئاغزىنىڭ چوڭلۇقى ۋە مەخسۇس قۇش تۇخۇملىرىنى يېيىشى بىلەن داڭلىق. قۇشلارنىڭ كۆپىيىش پەسلىدە نۇرغۇن قۇش تۇخۇمىنى يەۋالىدۇ. بۇ پەسىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ھېچنېمە يېمەيدۇ.



شالدىراق قۇيرۇق يىلان

يىلاننىڭ تۆش سۆڭىكى بولمايدۇ، قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى ئالدى - كەينىگە ئەركىن ھەرىكەتلىنەلەيدۇ. قوۋۇرغا سۆڭىكى ئالدىغا سىلجىغاندا، قورساق تەڭگىچىلىرى سەل - پەل كۆتۈرۈلىدۇ. كۆتۈرۈلگەن تەڭگىچىنىڭ ئۇچى تەرىپى يەر يۈزىگە چىشلىشىدۇ - دە، تېنىنى ئىتتىرىپ ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ.

چارىيلان



چارىيلان شالدىراق قۇيرۇق يىلانلار خىلىغا كىرىدۇ. زەھىرى ناھايىتى كۈچلۈك، نەم جايلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ دالىيەن شەھىرىگە يېقىن دېڭىز تەۋەسىدە بىر چار يىلان ئارىلى بار.

مارجان يىلان





مارجان يىلان كۆزەينەكلىك يىلانلار خىلىغا كىرىدىغان زەھەرلىك يىلان. لېكىن، ئۇنىڭ تەن شەكلى كىچىك، زەھرى ئالاھىدە كۈچلۈك، سىرتقى كۆرۈنۈشى كۆركەم، چىرايلىق، بېشى كىچىك. دائىم چىرىگەن تۇپراقلارنىڭ ئۈستۈنكى قاتلاملىرىدا ياشايدۇ.

تاغل چارىيلان



كۆزەينەكلىك يىلان

كۆزەينەكلىك يىلان ئۆتكۈر زەھەرلىك يىلان بولۇپ، ئاساسلىقى تروپىك بەلۋاغ رايونلىرىغا ماكانلاشقان. ئۇ كۆپىنچە بەدىنىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى دىڭ كۆتۈرۈۋېلىپ دۈشمىنىگە ھەيۋە قىلىدۇ، ھەيۋىسى كار قىلمىسا، دەرھال ھۇجۇم قىلىدۇ. زەھەر پۈركۈيدىغان كۆزەينەكلىك يىلان خەتەرگە دۇچ كەلگەندە، بەدىنىنى يۇقىرىغا ئۆرە قەدلىپ ئاغزىنى ئېچىپ، دۈشمىنىنىڭ كۆزىنى نىشانلاپ تۇرۇپ زەھەر سۈيۈقلۇقى پۈركۈيدۇ.



## خامېلېئون

خامېلېئون كەسلەنچۈك بىلەن ئوخشاش خىلدىكى هايۋان. ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى يورۇقلۇق ۋە تېمپېراتۇرا قاتارلىق مۇھىت شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرەلەيدۇ. بەدەن رەڭگى يورۇقلۇق كۈچلۈك جايدا قېنىقلىشىدۇ، نۇر بوشراق جايدا سۇسلىشىدۇ. خامېلېئون يالغۇز هەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ پۇتلىرى غول شاخلارنى ئامبۇردەك چىڭ تۇتالايدۇ؛ قۇيرۇقىمۇ يۆگىشەلەيدۇ. خامېلېئوننىڭ كۆزلىرى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىر قانچە يۆنىلىشنى كۆرەلەيدۇ.



ئۆچكىئېمەرنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىرغا يېتىدۇ. تاغدىكى ئېقىنلار ئەتراپىدا هەرىكەتلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، كىچىكرەك سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار ۋە بېلىق، پاقا قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.




خامېلېئون تېرىسىنىڭ رەڭگى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلى ئۆزگىرەلەيدۇ.



ئۆچكىئېمەر



## كەسلەنچۈك

كۆپىنچە كەسلەنچۈكلەرنىڭ تۆت پۇتى ۋە خېلى ئۇزۇن قۇيرۇقى، بەدەن سىرتىدا تەڭگىچە قاسىراقلىرى بولىدۇ، پەقەت پۇتسىز كەسلەنچۈكنىڭلا پۇتلىرى چېكىنىپ يىلانغا ئوخشاش پۇتسىز بولۇپ قالغان. جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا هەرقايسى چوڭ قۇرۇقلۇقلاردا ئوخشىمىغان تىپتىكى كەسلەنچۈكلەر بار. هاشارات، قۇرت، ئۆمۈچۈك ۋە يۇمشاق تەنلىك هايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئاز ساندىكى كەسلەنچۈكلەر ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ يەيدۇ. كەسلەنچۈكلەرنىڭ كۆپچىلىكى تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدۇ.



بوغما يىلانلار



قۇيرۇقىنى ئۈزۈپ تاشلاپ قېچىشى



پاتمىچۇقنىڭ شورىغۇچى تەخسىسى بار پۇتى



پاتمىچۇقنىڭ كۆزى

## پاتمىچۇق

ياز كۈنلىرى كەچقۇرۇنلۇقى ئوت - چۆپلەر ئارىسى ياكى دېرىزىلەردە دائىم تۆت پۇتلۇق ۋە ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق پاتمىچۇقلارنىڭ پاشا - چىۋىنلەرنى تۇتۇپ يەۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇرىمىز. پاتمىچۇق كەسلەنچۈكلەر خىلىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەنكى كۆز قاپىقىدا بىر قەۋەت سۈزۈك تەڭگىچىلەر بار بولۇپ، كۆز ئالمىسىنىڭ سىرتقى يۈزىنى يېپىپ تۇرىدۇ، شۇڭا يىلانغا ئوخشاش كۆزىنى يۇمالمايدۇ. پاتمىچۇق خەتەرگە يولۇققاندا، دۈشمىنىنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن قۇيرۇقىنى تاشلىۋېتىدۇ. قۇيرۇقى ناهايىتى تېزلا قايتا ئۆسۈپ چىقالايدۇ.

## بوغما يىلان

بوغما يىلان دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. بوغما يىلانلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە رەڭگىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. قىسقىلىرى تەخمىنەن بىر مېتىر، ئۇزۇنلىرى ئون مېتىرچە كېلىدۇ. بوغما يىلانلارنىڭ يەردە، دەرەختە ۋە يېرىم سۇدا ياشايدىغان ئۈچ تۈرى بار، كۆپ ساندىكىلىرى زەهەرسىز. بوغما يىلان ئوۋنى تۇتۇۋالغاندا، مەزمۇت هەم كۈچلۈك گەۋدىسى بىلەن چىرماپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن يۇتۇۋېتىدۇ. چوڭ بوغما يىلانلار بىرەر بۇغا، موزاي قاتارلىق هايۋانلارنى پۈتۈن پېتى يۇتۇۋېتەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، هەزىم قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇستىخانلىرىنىمۇ قالدۇرماي هەزىم قىلىۋېتىدۇ.

زەهەرلىك كەسلەنچۈك شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىگە تارقالغان بولۇپ، كۆپىنچە قۇرغاق، تاغ جىنسلىرى كۆپ يانباغىرلاردا ياشايدۇ. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60~80 سانتىمېتىر، رەڭگى كۆركەم، ئاستىنقى ئېڭىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە زەهەر بېزى بولۇپ، زەهەر سۈيۇقلۇقى ئاجرىتىپ چىقىرالايدۇ. زەهەرلىك كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقى توم بولۇپ، ئوزۇقلۇق ساقلايدىغان ئورنى هېسابلىنىدۇ.







زەهەرلىك كەسلەنچۈك

# تىمساھ



دۇنيادا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان تىمساھلار 25 تۈردىن ئاشمايدۇ، كۆپ قىسمى تروپىك بەلۋاغ، سۇبتروپىك بەلۋاغدىكى دېڭىز قولتۇقلىرىغا ياكى دەريا ـ كۆللەرگە تارقالغان. ئېلىمىزدىكى چاڭجياڭ تىمسىھى ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مىسسىسىپى تىمسىھىلا شىمالغىراق ماكانلاشقان. تىمساھ ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئەڭ چوڭ يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. 200 مىليون يىل مابەينىدە تىمساھنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشى جەھەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان، شۇڭا «تىرىك تاش قاتما» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## ئۇزۇن تۇمشۇق تىمساھ

ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئىنچىكە، ئۇزۇن، بۇرنى تومپايغان، ئۇنىڭ سۇدا تۇرىدىغان ۋاقتى باشقا تىمساھلارنىڭكىگە قارىغاندا ئۇزاقراق. ئۇزۇن تۇمشۇق تىمساھ ئاساسلىقى ئاسيانىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تارقالغان، بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئادەمگە ئاسانلىقچە چېقىلمايدۇ.




## تىمساھنىڭ ياشاش ئادىتى

تىمساھنىڭ تېنى مەزمۇت، پۇت بارماقلىرى ئارىسىدا ئۈزۈش پەردىلىرى بولۇپ، سۇدا ياشاشقا ماسلاشقان. ئاپتاپقا قاقلىنىش ۋە تۇخۇملاش ۋاقتىدىلا قىرغاققا چىقىدۇ. سۇدا ۋاقتىدا كۆز ۋە بۇرۇنلىرى سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرىدۇ. قۇرۇقلۇقتا تىمساھنىڭ ھەرىكىتى ئاستا، لېكىن قىسقا ئارىلىقتا ناھايىتى تېز يۈگۈرەلەيدۇ. تۇخۇم سېلىش ۋاقتىدا قىرغاققا ئۆمىلەپ چىقىپ، سۇ بويىدىن تۆت مېتىرچە نېرىدىكى جايغا بىر ئۇۋا قازىدۇ. بىر نۆۋەتتە نەچچە ئون تۇخۇم سالىدۇ. تۇخۇملار تەبىئىي تېمپېراتۇرىغا تايىنىپ باسۇرۇلىدۇ.



تىمساھنىڭ دۇنيادىكى تارقىلىشى

تىمساھ بىر نۆۋەتتە 20～30 تال تۇخۇم تۇغىدۇ. يۇمشاق تۇخۇم شاكىلى تېرە قەغەزگە ئوخشاش بولۇپ، تۆرەلمىنىڭ پۈتۈن يېتىلىش جەريانىدىكى سۇ تەركىبىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، شۇنداقلا، بەلگىلىك تېمپېراتۇرىنى ساقلاپ بېرىدۇ. تۇخۇم باسۇرۇلۇش ۋاقتىدا ئانا تىمساھ ئۇۋىسىنىڭ يېنىدا مۇھاپىزەت قىلىپ، باللىرى تۇخۇمدىن چىققانغا قەدەر ۋاقتى ـ ۋاقتىدا قۇيرۇقى بىلەن سۇ چېچىپ، تۇخۇملارنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ 30℃～33℃تا ساقلىنىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

تىمساھ ۋەھشىي، چىشلىرى ئۆتكۈر ھايۋان. چوڭراق تىمساھلار چوڭ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يېيەلەيدۇ، ئادەملەرگىمۇ تەھدىت سېلىپ قورقۇتىدۇ.




## تىمساھنىڭ چىشى

تىمساھنىڭ چىشلىرى ئۇزۇن، كونۇس شەكىللىك ھەم ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، پات ـ پات يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. تىمساھنىڭ ئېڭەكلىرى بەك كۈچلۈك، ئاستىنقى ئېڭىكى ئاستى ـ ئۈستىگە ھەرىكەتلىنەلەيدۇ، ئۈستۈنكى ئېڭىكى ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ. ئوۋنى چىشلەپ سۇغا سۆرەپ كىرىپ تۇنجۇقتۇرغاندىن كېيىن يالماپ يەۋېتىدۇ.




تىمساھنىڭ كۆز قارىچۇقى مۈشۈكنىڭكىگە ئوخشاش كۈندۈزى تارىيىپ، كېچىسى كېڭىيىدۇ، سۇس قىزىل نۇر تارقىتالايدۇ.

## ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بەدەن تېمپېراتۇرىسى

تىمساھنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى تاشقى دۇنيا ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بەزىدە ياشاش ئادىتى ئارقىلىق ئۆزى تەڭشەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

## چاڭجياڭ تىمسىھى

چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدا ياشايدۇ، دەريا ـ كۆللەرنىڭ بويىدا ئورەك كولاپ ماكانلىشىدۇ. توخۇ، ئۆردەك، چاشقان، پاقا، بېلىق دېگەندەكلەردىن نېمە تۇتسا شۇنى يەۋېرىدۇ. چىشى تىمساھ ئادەتتە ئىيۇل،ئاۋغۇست ئايلىرىدا تۇخۇملايدۇ، ئانا تىمساھ ياندا تۇخۇملىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ياتىدۇ. تىمساھ بالىلىرى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، ئانا تىمساھ بالىلىرىنى سۇغا باشلاپ كىرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۆپلەپ ئۆلتۈرۈشى تۈپەيلى، چاڭجياڭ تىمسىھىنىڭ سانى ئاز قالدى. ھازىر دۆلەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.



تۇخۇمىنى قوغداۋاتقان چىشى تىمساھ

## كەڭ تۇمشۇق تىمساھ



يېقىندا تۇخۇمدىن چىققان تىمساھ بالىسى

كەڭ تۇمشۇق تىمساھ كىچىكرەك بولۇپ، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىغىلا تارقالغان. چاڭجياڭ تىمسىھى بىلەن مىسسىسىپى تىمسىھى كەڭ تۇمشۇق تىمساھ ھېسابلىنىدۇ، ياۋاشراق كېلىدۇ. بۇ ئىككى خىل تىمساھتىن باشقا، كەڭ تۇمشۇق تىمساھلار قىسقا تۇمشۇق تىمساھ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار قوپال، ۋەھشىي كېلىدۇ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىكى ھەرىكىتى ناھايىتى چاققان، چوڭ تىپتىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىمۇ چىشلەپ زەخمىلەندۈرەلەيدۇ.



قىسقا تۇمشۇق تىمساھ

كەڭ تۇمشۇق تىمساھ



يېتىلگەن چاڭجياڭ تىمسىھى

تىمساھنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىرغا يېتىدۇ. تۆت پۇتى مەزمۇت، ئارقا پۇتى ئالدى پۇتىدىن ئۇزۇن، قۇيرۇقى ياپىلاقراق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بەدەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ1/2 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. تىمساھ قۇيرۇقىنى قۇرۇقلۇقتا بەدىنىنى تىرەشكە، سۇدا تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا، شۇنىڭدەك ئوۋغا ھۇجۇم قىلغاندا ئاساسلىق قورال قىلىپ پايدىلىنىشتا ئىشلىتىدۇ.



مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا شارائىتىدىلا تىمساھ بالىلىرى يېتىلىپ چىقالايدۇ. تاشقى مۇھىت تېمپېراتۇرىسى تۇخۇمدىكى كىچىك جانلىقنىڭ جىنسىي ئايرىمىسىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق شارائىتتا تۇخۇمدىن چىققان تىمساھ بالىلىرىنىڭ تولىسى ئەركەك، تېمپېراتۇرا تۆۋەنرەك چاغدا چىققانلىرى چىشى بولۇپ چىقىدۇ. تۇخۇمدا يېتىلگەن بالا تىمساھ ئۇچلۇق تۇخۇم چىشى بىلەن تۇخۇم شاكىلىنى يېرىپ ئۆملەپ چىقىدۇ، نەچچە كۈندىن كېيىن تۇخۇم چىشى چۈشۈپ كېتىدۇ.

چىشى تىمساھ بالا تىمساھنىڭ تۇنجى ئاۋازىنى ئاڭلاپلا، ئالدى پۇتى بىلەن ئورەكنى ئېچىپ، ئۇلارنى ئاغزى بىلەن چىشلەپ سۇغا ئېلىپ كىرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ھەپتە ئىچىدە، ئانا تىمساھ بالىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاسرايدۇ.

# ئاق پالاقچىلىق دېلفىن



130 تالچە ئۆتكۈر چىشى بولىدۇ.



ئاق پالاقچىلىق دېلفىن مەملىكىتىمىزدىلا بار بولغان، كىت-
نىڭ تاتلىق سۇدا ياشايدىغان بىر خىلى بولۇپ، چاڭجياڭنىڭ
ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدا ھەم دۇڭتىڭخۇ، بوياڭخۇ كۆللىرىدە
ياشايدۇ. تېنىنىڭ كۆپ قىسمى كۆك رەڭ، قورساق قىسمى ئاق
رەڭ، ئېغىرلىقى 200 كىلوگرام كېلىدۇ. دائىم جۈپ - جۈپ
بولۇپ ئۈزۈپ يۈرۈپ ئوزۇقلىنىدۇ. ئاق پالاقچىلىق دېلفىن
ئۆپكىسىگە تايىنىپ نەپەسلىنىدۇ، شۇڭا نەچچە ئون سېكۇنت ياكى نەچچە مى-
نۇتتا بىر قېتىم سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ نەپەس ئالىدۇ.

## سۇدا ياشاشقا كۆچكەن

ئاق پالاقچىلىق دېلفىن تەخمىنەن 2 مىليون يىللار ئىلگىرى قۇ-
رۇقلۇقتا ياشايدىغان ھايۋان ئىدى، ياشاش مۇھىتى ئۆزگىرىپ سۇغا
ماكانلاشقان. سۇدا ياشاش نەتىجىسىدە ئالدى پۇتى پالاقچە شەكىلگە
ئۆزگەرگەن، ئارقا پۇتى رودېمىنتلىشىپ يوقاپ كەتكەن، كۆزلىرىمۇ
دەريا سۈيىنىڭ دۇغلۇقى تۈپەيلى رودېمىنتلىشىپ ، پېشانىسىنىڭ
ئىككى تەرىپىدە ئىككى تال پۈرچاقتەكلا بولۇپ قالغان؛ چوقۇقىسىدىكى
بۇرنىنىڭ بىر يۇمۇلاق كىچىك تۆشۈكلا قالغان. سۇدا ياشاش جەريا-
نىدا ئۇنىڭ تەن شەكلىمۇ بېلىقلارغا ئوخشاپ قالغان، لېكىن ئۇ يەنىلا
ئۆپكىسى بىلەن نەپەسلىنىدۇ ھەم تۇغۇپ ئەۋلادىنى كۆپەيتىدۇ. ھازىر
ئۇلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالدى. شۇڭا، دۆلەت بويىچە 1 -
دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## تەپەككۇر قىلالايدىغان ھايۋان

ئاق پالاقچىلىق دېلفىنىنىڭ چوڭ مېڭىسى ناھايىتى تە-
رەققىي قىلغان بولۇپ، مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقى شىمپەنزد-
نىڭكىگە يېقىنلىشىدۇ. بەلگىلىك ئەستە ساقلاش ۋە تەپەك-
كۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن ئەقىللىق.
ئۇ ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا، سۇ كالىسىنىڭ مۆرىگىنىدەك پەس
ئاۋاز چىقىرالايدۇ.




ياپىلاق ھەم ئىككى ياپراقچىلىق قۇيرۇق پالاق-
چىسى ئاساسلىق ھەرىكەت ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ.

تۇمشۇقى تار ھەم ئۇزۇن، قۇش تۇمشۇقىغا ئوخ-
شايدۇ، ئالدىغا تەخمىنەن 30 سانتىمېتىر ئۇزارغان.

## ئاجايىپ سونار سىستېمىسى

ئاق پالاقچىلىق دېلفىنىنىڭ تاشقى قۇلىقى يوق، پەقەت ناھايىتى كى-
چىك قۇلاق تۆشۈكىلا بار. ئۇنىڭ قۇلىقى زىنىنەت بۇيۇم ئورنىدا بولۇپ،
سىرتتىكى ئاۋازلارنى قوبۇل قىلىشقا ئىشلىتىلمەيدۇ. بەدىنىدە ئاجايىپ
بىر سونار سىستېمىسى بولۇپ، بۇ سىستېما كۆز - قۇلاقلىق رولىنى
ئوينايدۇ. بۇ سېستىمىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئاۋاز دولقۇنى مەلۇم جىسىم-
غا تېگىپ قايتىدۇ، دېلفىن شۇ دولقۇن ئارقىلىق سۇدىكى ھەر خىل جى-
سىم ۋە جانلىقلارنى پەرق ئېتىپ يېمەكلىك تۇتىدۇ ۋە دۈشمىنىدىن ئۆ-
زىنى قاچۇرالايدۇ.



كۆزى بەك كىچىك، كۆرۈش
ئىقتىدارىنى ئاساسەن يوقاتقان.

www.uyghurkitap.com

# سەمەندەر



سەمەندەر تۆۋەن دەرىجىلىك قوش ماكانلىق ھايۋان. ئاۋازى بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، بالا بېلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سەمەندەر پاقا، قىسقۇچپاقا، قۇلۇلە ۋە بېلىق قاتارلىق سۇ ھايۋانلىرىنى يې-يىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان ئىنسانلار تەرىپىدىن كۆپلەپ تۇتۇلغاچقا، سانى كۆرۈنەرلىك ئازلاپ كەتكەن، ھازىر دۆلەت بويىچە قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەڭ خەۋپ ئىچىدە قالغان ھايۋانلارنىڭ بىرىدۇر.








قورسىقىنىڭ ئىككى يان تېرى-سىدە نۇرغۇن پۇرمە - قاتلاقلىرى بار. تېرىنىڭ سىرتقى يۈزى شى-لىمشىق، سىلىق. بۇ ئۇنىڭ سۇدا ھەرىكەتلىنىشىگە پايدىلىق.

## تۆۋەن دەرىجىلىك قوش ماكانلىق ھايۋان

سەمەندەرنىڭ ئەجدادلىرى تەخمىنەن 300 مىليون يىللار ئىلگىرى ياشىغان، شۇڭا «تىرىك تاش قاتما» دېگەن نامىمۇ بار. سەمەن-دەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60~100 سانتىمېتىر كېلىدۇ، كۆزى نا-ھايىتى كىچىك، كۆز قاپىقى يوق، كۆزىنى چىمىلدىتالمايدۇ. ھەر نۆۋەت ياز پەسلىدە سۇ تېگىدىكى تاش كامارلىرىغا مىڭدىن ئارتۇق تۇخۇم سالىدۇ. سەمەندەر بالىلىرى 30~50 كۈندىن كېيىن تۇخۇمدىن چىقىدۇ.



سەمەندەر ھەر 6~30 مىنۇتتا بىر نۆۋەت بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ بىر قېتىم نەپەس ئالىدۇ. تېرىسىمۇ ھاۋا ئالماشتۇرىدىغان مۇ-ھىم ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ.



سەمەندەرنىڭ يېمەكلىكى قىسقۇچ-پاقا، پاقا، بېلىق، راك ۋە سۇ ھاشارات-لىرىدىن ئىبارەت. ئۇ تاشلار ئارىسىدا ساقلاپ تۇرۇپ، ئوۋ سېزىلىشى بىلەنلا تۇيۇقسىز ئاغزىنى ئېچىپ تۇتۇۋالىدۇ.

## سەمەندەرنىڭ ياشاش مۇھىتى

سەمەندەر ئاساسلىقى شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگو ھەم غەربىي جەنۇب رايونلىرىغا تارقالغان، دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىردىن تۆۋەن تاغ جىلغىلىرىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەردە ياشايدۇ. ئۇلار كۆپىنچە يالغۇز ياشايدۇ، كېچىسى ھەرىكەتلىنىپ ئوزۇقلىنىدۇ.

## يېشىل پاقا



يېشىل پاقا قوش ماكانلىق ھايۋانغا كىرىدۇ، ھەم سۇدا، ھەم قۇرۇقلۇقتا ياشىيالايدۇ. يېشىل پاقا بىلەن ئۇنىڭ تۇغقىنى چارپاقا 200 مىليون يىللار ئىلگىرىلا يەر شارىدا پەيدا بولغان. ئانتاركتىدادىن باشقا ھەممە يەردە دېگۈدەك يېشىل پاقا ۋە ئۇنىڭ خىلداشلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. ھەتتا دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز ئاندېس تاغ تىزمىلىرى ۋە دۇنيانىڭ ئۆگزىسى بولغان ھىمالايا تاغ تىزمىلىرى ھەم ئافرىقا چۆللۈكلىرىدىمۇ ئوخشىمىغان تۈردىكى پاقىلار ياشاۋاتماقتا.

## ئوزۇقلۇق تۇتۇشى

يېشىل پاقا گۆشخور ھايۋان، پەقەت ئومۇرتقىلىقلار ياكى ئومۇرتقىسىزلار ئىچىدىكى كىچىك ھايۋانلارنىلا يەيدۇ. ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئۇچى ئاچىماق بولۇپ، شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ئولجا يولۇققاندا تىلىنى شارتلا چىقىرىپ ھاشاراتنى يېپىشتۇرۇۋالىدۇ، ئاندىن تىل ئۇچى بىلەن يۆگەپ ئاغزىغا كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ھەرىكەتلىنىۋاتقان جىسىمغىلا سەزگۈر بولغاچقا، ھەرىكەتلىنىۋاتقان ھاشاراتلارنىلا تۇتۇپ يەيدۇ.






## يېشىل پاقىنىڭ كوركىرىشى

ياز كۈنلىرى يامغۇردىن كېيىن، كۆل - كۆلچەكلەرنىڭ ياقىلىرىدا، ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئەركەك يېشىل پاقىنىڭ جاۋغىيىنىڭ ئىككى يېنىدا بىر جۈپ ھاۋا خالتىسى بولۇپ، كوركىرىغاندا كۆپۈپ ئىككى توپقا ئوخشاپ قالىدۇ. يېشىل پاقىنىڭ ھاۋا خالتىلىرى ئاۋاز ياڭراتقۇغا ئوخشاش ئاۋازنى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە. يېشىل پاقا كۆپىيىش مەزگىلىگە كىرگەندە توپلىشىپ ياشايدۇ. ئەركەك پاقىلار ئاۋازىنىڭ بارىچە كوركىراپ، چىشى پاقىنى جەلپ قىلىدۇ.

ئادەتتىكى يېشىل پاقا





## مۇكەممەل ئارقا پۇتى

يېشىل پاقىنىڭ پۇتى ئادەتتە پۈكۈلۈپ تۇرىدۇ، ئۈزگەندە ياكى سەكرەپ ماڭغاندا ئىتتىرىش كۈچى ھاسىل قىلىدۇ. ئىنسانلار پاقىدىن ئۈزۈشنى پاقىدىن ئۆگەنگەن. ئېگىزگە سەكرەش، يىراققا سەكرەش تەنھەرىكەتلىرىدىمۇ پاقىنىڭ قاڭقىپ سەكرىشىدىن ئىلھام ئېلىنغان.

كۆپ ئۇچرايدىغان يېشىل پاقىنىڭ قورساق قىسمى ئاق، دۈمبە قىسمى قوڭۇر ياكى يېشىل رەڭلىك، ئۈستىدە نۇرغۇن قارا چېكىتلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ قېنىقلاپ ياكى سۇسلاپ تۇرىدۇ. تەجرىبىلىك دېھقانلار ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ھاۋا رايىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدۇ.



يېشىل پاقا كۈچلۈك ئارقا پۇتلىرىغا تايىنىپ بەدىنىنى قاڭقىتىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com





بەزى تۈردىكى پاقىلارنىڭ تۇخۇمدىن چىققان بالىلىرى قۇمچاقلىق باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەيلا كىچىك پاقا بولۇپ چىقىدۇ.



ئاشقازىنىدا تۇخۇمدىن چىققان كىچىك پاقا



تۇخۇم تۆرەلمىلىك تۇغىدىغان پاقىلار ئانا تېنىدىن چىققاندىلا يېتىلگەن شەكىلگە كىرىپ بولغان بولىدۇ.

## يېشىل پاقىنىڭ ھايات مۇساپىسى

يېشىل پاقا ئاپرېل، ماي ئايلىرىدا تۇخۇم تۇغىدۇ. بىر نۆۋەتتە نەچچە مىڭ، بەزىلىرى 10 مىڭ تۇخۇم تۇغىدۇ. يېشىل پاقىنىڭ تۇخۇمى بىر مىللىمېتىر چوڭلۇقتىكى كىچىك سۈزۈك شار تەنچە بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بىر قارا چېكىت بولىدۇ. بىر ھەپتە ياكى بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، تۇخۇمنىڭ سىرتقى قەۋىتى يېرىلىپ، قۇيرۇقى ۋە سىرتقى ساقىقى بار كىچىك قۇمچاق چىقىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن، قۇمچاقنىڭ ئارقا پۇتى پەيدا بولىدۇ، ساقىقى بەدىنى ئىچىگە كىرىدۇ. يەنە بىر مەزگىللىك ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ئالدى پۇتى پەيدا بولىدۇ، قۇيرۇقى تەدرىجىي يوقىلىدۇ، ئاخىرىدا يېتىلگەن پاقىغا ئايلىنىدۇ. يېشىل پاقىنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىش جەريانىغا نەچچە ئاي ياكى بىر يىل ۋاقىت كېتىدۇ.

## تۇخۇمدىن چىقىرىش ئۇسۇللىرى

يېشىل پاقا تۇخۇم سالغاندا، تۇخۇمىنى كۆپىنچە سۇغا يېقىن دەرەخ يوپۇرماقلىرى ياكى تاشلارغا يېپىشتۇرۇپ تۇغىدۇ. قۇمچاق چىقىشى بىلەنلا سۇغا چۈشىدۇ. بەزى پاقىلار تۇخۇمىنى ئۆزى ياسىغان كۆپۈك ماغزاپنىڭ ئىچىگە سېلىش ئارقىلىق ئاسرايدۇ، يەنە بەزى پاقىلار تۇخۇم تۆرەلمىلىك تۇغىدۇ. بالا پاقا ئانا تېنىدە يېتىلىپ پاقا شەكلىگە كەلگەندىن كېيىن تۇغۇلۇپ چىقىدۇ. ئاۋستىرالىيىدە يەنە بىر خىل پاقا بولۇپ، تۇغقان تۇخۇملىرىنى ئاشقازىنىغا يۇتۇۋېلىپ، ئاشقازىنىدا تۇخۇمدىن چىقىرىدۇ. ئانا پاقا ئاغزىدىن بالا پاقىلار سەكرەپ چىققانغا قەدەر بىر نەرسە يېمەيدۇ.



چىرايلىق
ئالتۇن رەڭ پاقا



زەھەرلىك پاقا

زەھەرلىك پاقا



يېشىل پاقا كۆپىنچە سۇلۇق ئېتىز، كۆلچەك ياكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ياشايدۇ. ئەتىياز كېلىپ ھاۋا ئىللىغاندا ئۇچەكتىن چىقىدۇ، باش يازدا تۇخۇم سېلىپ كۆپىيىدۇ.



مۈڭگۈزلۈك پاقىنىڭ ئۇستۇنكى كۆز قاپىقى ئۆرۈراپ مۈڭگۈزسىمان ھالەتكە كەلگەن.

مۈڭگۈزلۈك پاقا



مۈڭگۈزلۈك
پاقا

## زەھەرلىك پاقا

ئوتتۇرا جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە بىر خىل زەھەرلىك پاقا بولۇپ، بەدىنىدە چىرايلىق چېپار سىزىقلىرى بار. دەل ئاشۇ چىرايلىق تېرىسىدىكى بەزلەر ئۆتكۈر زەھەر سۇيۇقلۇقى ئاجرىتىپ چىقىرالايدۇ. زەھەرلىك پاقىنىڭ زەھەرچانلىقى ناھايىتى زور بولۇپ، زەھەر سۇيۇقلۇقى نەچچە ئون ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەلەيدۇ.



## چارپاقا

چارپاقا يېشىل پاقىنىڭ خىلدىشى. ئۇنىڭ ئارقا پۇتى قىسقا، كىچىكرەك، ھەرىكىتى كېلەڭسىزرەك، بەزى يوغان خىللىرى سەكرىيەلمەيدۇ، پەقەت يەر بېغىرلاپ ماڭالايدۇ. چارپاقا تۇزلەڭلىك، تاشلىق ياكى ئوتلاق يەرلەردە ياشايدۇ، كۆپىيىش مەزگىلىدىلا كۆل بويىغا كېلىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. كۈندۈزى ئاز ھەرىكەتلىنىدۇ، كېچىسى چىقىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. چارپاقىنىڭ تېرىسىدىكى كۆپلىگەن ھۆررەك ـ مۇدۇرلارغا تېرە بەزلىرى جايلاشقان. كۆزىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇلاق بېزىدىن ئاق رەڭلىك زەھەر سۇيۇقلۇقى چىقىرىپ دۈشمىنىدىن قوغدىنىدۇ.

# غايەت زور ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى

ئىنسانلار ياشاۋاتقان يەر شارى يەنە رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلار بىلەن تولغان ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدۇر. ئاپتىپى كۈچلۈك تروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمانلىرىدىن تارتىپ، پايانسىز مۇز بىلەن قاپلانغان قۇتۇپ رايونىدىكى تۇندراغىچە، ئېگىز - پەس سوزۇلغان چوققىلاردىن چېكى يوق بىپايان دەريا - ئۆستەڭ، دېڭىز - كۆللەرگىچە يېشىل ئۆسۈملۈكلەر ياشايدۇ. يېشىل ئۆسۈملۈكلەر يەر شارىدىكى جانلىقلارنى يېتەرلىك ئاشلىق ۋە ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىنىڭ گۈزەل - كۆركەم تۈسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تۇرالغۇ - ماكانلىرىنى بېزەپ كەلمەكتە.






يەر شارىدا ھازىر ساقلانغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى 400 مىڭدىن ئارتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ھۈجەيرىلىك باكتېرىيىلەر ۋە يۇسۇنلەر، ئاسمانپەلەك دەرەخلەر، ياۋايى گۈل - گىياھلار بار، يەنە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان رەڭگارەڭ ئۆسۈملۈكلەرمۇ بار.

| | | |
|---|---|---|
| مېۋە | ھەقىقىي | يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر |
| ئۇرۇق | | |
| ئۆتكۈزگۈچى نەيچىلەر توقۇلمىسى | يادرولۇق | |
| يۇقىرى دەرىجىلىك يوپۇرماقسىمان تەنچە | | تۆۋەن |
| كۆپ ھۈجەيرىلىك تەنچە | | دەرىجىلىك |
| بىر ھۈجەيرىلىك تەنچە | ئۆسۈملۈكلەر | |
| ھۈجەيرە يادروسىز دېففېرېنسىيىلىنىش | ئىپتىدائىي يادرولۇق ئۆسۈملۈكلەر | ئۆسۈملۈكلەر |

## ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىستېمىلىق جەمەتلىرى

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل، لېكىن ئارىسىدا ئىچكى باغلىنىش مەۋجۇت. مىليونلىغان يىللاردىن بۇيانقى تەدرىجىي تەرەققىيات مۇساپىسىدا ئۆسۈملۈكلەر تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىككىچە دەرىجىگە ئايرىلىپ، تەرتىپلىك ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنى شەكىللەندۈرگەن. ھەربىر دەرىجىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ زور جەمەتى بولىدۇ. توغرا پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بوتانىكلار ئۇلارغا جەمەت نەسەبنامىسى تۈزۈپ بەرگەن، ئۇلار تىپ، سىنىپ، ئەترەت، ئائىلە، ئۇرۇقداش، تۈرلەردىن ئىبارەت.



كۆك يۇسۇنلەر ئۆز ئالدىغا ئوزۇق ياسىيالايدىغان ئىپتىدائىي ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، بىئولوگىيىدە ئىپتىدائىي يادرولۇق جانلىقلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.



باكتېرىيىلەر ئەڭ ئىپتىدائىي جانلىق بولۇپ، بىئولوگىيىدە ئىپتىدائىي يادرولۇق جانلىقلار دېيىلىدۇ.

uyghurkitap.com



# تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر

تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يېتىلىش جەريانىدا تۆرەلمە يېتىلىش باسقۇچى بولمايدۇ. ئۇلار سپورا هاسىل
كۆپىيىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى بىرقەدەر ئاددىي. تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر تەدرىجىي تەرەققىيات جەھەتتە تۆۋ
رۇندا تۇرسىمۇ، تەبىئەت دۇنياسىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ ئورنىنى باشقا جانلىقلار باسالمايدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلە
تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەردىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن. هازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر ئاساسلىقى ھەر خىل باكتېرىيە، زەمبۇرۇغ ۋە يۇسۇنلاردۇر.



## يېشىل ھاياتلىقنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرى — يۇسۇنلەر

يۇسۇنلەرنىڭ تەخمىنەن 25 مىڭ تۈرى بار. ئۇلارنىڭ كىچىكلىرى ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ھۈجەيرىلىك تەنچە بولسا، چوڭلىرى 60 مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. يۇسۇنلەرنىڭ ھۈجەيرىسىدە ھۈجەيرە يادروسى ۋە خلوروفىل بار بولۇپ، ئۆزى ئوزۇقلۇق ياسىيالايدۇ. يۇسۇنلەرنىڭ فوتوسىنتېز رولىدا ھاسىل بولىدىغان ئوكسىگېن ئاتموسفېرا ۋە دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى ئوكسىگېننىڭ مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى.

يۇسۇنلەر دەريا ـ ئۆستەڭ، دېڭىز ـ كۆللەردە ۋە نەم جايلاردا ئۆسىدۇ، بەزىلىرىنى بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، مەسىلەن، دېڭىز پالىكى (خەيدەي)، پورفىرا يۇسۇنى، ئاگار قاتارلىقلار؛ بەزىلىرى سانائەت خام ئەشياسى بولۇپ، ئۇلاردىن فىكوكوللوئىد قاتارلىق ماددىلارنى ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ.




سپورا تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىسى بولۇپ، كىچىك بىر شارسىمان تەندىن ئىبارەت، پۇختا سىرتقى پوستى بار.



كۆپ نەيچىلىك يۇسۇن



ئېكتوكارپۇس يۇسۇنى



فۇكۇس يۇسۇنى



ئۇزۇن ساپاقلىق بېغىررەڭ يۇسۇن



بۇغا مۈڭگۈزسىمان يۇسۇن

يۇسۇنلەر





دېڭىز پالىكى



چوڭ يۇسۇن

## دېڭىز تېگىدىكى يېسسۋېلەك — دېڭىز پالىكى (خەيدەي)

دېڭىز پالىكىنىڭ ئىنسانلارغا پايدىلىق قىسمى ئۇنىڭ سپورا تەنچىسى، يەنى ناھايىتى ئۇزۇن ۋە كەڭ ئۆسكەن يوپۇرماقسىمان تەنچىسىدىن ئىبارەت. دېڭىز پالىكى مۆتىدىل بەلۋاغ دېڭىز تەۋەسىدە ئۆسىدۇ. دېڭىز پالىكى بىۋاسىتە يېمەكلىك قىلىنغاندىن باشقا يەنە يېمەكلىك ئىشلەش، دورىگەرلىك ئىشلىرىدا ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ناترىي ئالگىنات، يود قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

## باكتېرىيە ۋە زەمبۇرۇغلار

باكتېرىيە ۋە زەمبۇرۇغلاردا خلوروفىل بولمايدۇ، ئۆزى ئوزۇقلۇق يا-سىيالمايدۇ، چوقۇم باشقا جانلىقلار ياكى جانلىقلارنىڭ قالدۇقلىرى، جاز-لىقلارنىڭ چىقىرىندىلىرى قاتارلىقلاردىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. باكتېرىيە ۋە زەمبۇرۇغلار ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلارغا كېسەللىك ئاپىتى ئېلىپ كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار يەنە جانلىقلار تېنىنى چىرىتىپ پارچىلاپ، كاربون IV ئوكسىدى، سۇ ۋە كۆپ خىل ئانئورگانىك ماددىلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇلارنى ئۆسۈملۈكلەر قايتىدىن پايدىلىنالايدۇ. نۇرغۇنلىغان زەمبۇرۇغلارنى يېمەكلىك قى-لىشقا بولىدۇ، بەزىلىرى دورىگەرلىك ۋە يېمەكلىك سانائى-تىدە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

كۈز پەسلىدە نەم ئورمانلىقتا ۋە ئوتلاقلاردا قوزىقارنى (موگو)لارنى ئۇچ-رىتىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى يېيىشكە بولىدۇ، بۇلار يېمەكلىك زەمبۇ-رۇغلىرى دېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قوزىقارنىدىن باشقا، يەنە قارا قېرىن-قۇلاق، ئاق قېرىنقۇلاق، مېھرىقۇت، قۇرت ئوت قاتارلىقلار بار.



قارا قېرىنقۇلاق (مور)



ئاق قېرىنقۇلاق



مېھرىقۇت



كۈنلۈكسىمان قوزىقارنى



سىلىق قوزىقارنى

## زەمبۇرۇغلار

زەمبۇرۇغلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دورا ياساش، ئىچىملىك ۋە يېمەكلىك ئىشلەشتە ئېچىتىشقا بەزىدە زەمبۇرۇغلار ئىش-لىتىلىدۇ. ھاۋا نەم چاغلاردا كىيىم - كېچەك، ئۆي جاھازلىرى ئاقىرىپ پاخ-تىلىشىپ قالىدۇ، ئامبارلاردىكى ئاشلىق، مېۋە - چېۋە، كۆك-تاتلارمۇ چىرىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممى-سىنى زەمبۇرۇغلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زەمبۇرۇغلاردا ھەقى-قىي ھۈجەيرە يادروسى بولىدۇ، سپورا ھاسىل قىلالايدۇ.



يانتۇلاق قوزىقارنى



تاغ قوزىقارنى



زەھەرلىك قوزىقارنى



جىگەرسىمان قوزىقارنى

قوزىقارىنلارنىڭ ھەم-مىسىنىلا يېگىلى بولىۋەر-مەيدۇ. بەزى قوزىقارىنلار ناھايىتى چىرايلىق، بىراق بەكلا زەھەرلىك، ئادەم يەپ قويسا ئىچى سۈرۈش، قۇسۇش، روھىي جەھەتتە نور-مالسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، ئېغىر بولغاندا ئا-دەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا، تېرىپ كېلىنگەن قوزىقارىنلار-نى ئەستايىدىل پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

## پېنىتسىللىن زەمبۇرۇغى

پېنىتسىللىن زەمبۇرۇغى سپورا ئارقىلىق كۆپىيىدۇ، زەمبۇرۇغ يىپچە تەنچىسى دەسلەپتە ئاق ياكى سۇس ھال رەڭ بولۇپ، ئوزۇقلۇق يېتىلىشكە باشلىغاندا كۆك يېشىل رەڭگە كىرى-دۇ. تۇپراقتا ناھايىتى كۆپ خىل پېنىتسىللىن زەم-بۇرۇغلىرى بولىدۇ. بەزى پېنىتسىللىن زەمبۇرۇغ-لىرى پېنىتسىللىن دورىسى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. بەدىنىمىزنىڭ مەلۇم جايى ياللۇغلىنىپ قالسا، دوخ-تۇر پېنىتسىللىن ئوكۇلى سالدۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ بەزى باكتېرىيەلەر قوزغىغان يۇقۇملىنىشلارغا قارد-تا ئالاھىدە ئۈنۈمگە ئىگە.



زەھەرلىك قوزىقارنى



تەركىبىدە پېنىتسىللىن بولمىغان دورا تابلېتىدا بۇنداق باكتېرىيە ئۆلتۈ-رۈش رولى بولمايدۇ.



پېنىتسىللىن زەمبۇرۇغىنىڭ سپورىسى بىخلىنىش باسقۇچىدا ئاق ياكى سۇس ھال رەڭ بولىدۇ.

پېنىتسىللىن زەمبۇرۇغى ئوزۇق-لۇقلۇق يېتىلىش ۋاقتىدا كۆك يېشىل رەڭلىك بولىدۇ.



پېنىتسىللىن تابلېتىنىڭ ئەتراپىد-كى باكتېرىيەلەر ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# لىشاينىك (تاش قىنا)



لىشاينىك – زەمبۇرۇغ بىلەن يوسۇن بىللە ياشايدىغان ئورگانىزمدىن ئىبارەت. بۇ مۇرەككەپ ئورگانىزمدا زەمبۇرۇغلار سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرىدۇ، يوسۇنلار فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنى ياسايدۇ، ئۇلار تۇراقلىق ھالدا مەنپەئەت يەتكۈزۈشىدىغان ھەم مۇكەممەل بولغان بىللە ياشىغۇچى ئۆسۈملۈك تەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ھازىر مەلۇم بولغان لىشاينىكلارنىڭ تۈرى 26 مىڭدىن ئارتۇق.



يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان تېگىدە ئۆسكەن شاخسىمان لىشاينىكلار

تاغ جىنسلىرى ئۈستىدە ئۆسكەن قاقاچسىمان لىشاينىكلار



خالتىسىمان لىشاينىك




ئوخشاش قەۋەتلىك لىشاينىكنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى

## لىشاينىكلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

لىشاينىكلار قۇرغاق شارائىتتا ئۇيقۇغا كىرىدۇ، يامغۇردىن كېيىن ئويغىنىدۇ. ئۇنىڭ تېنىدىكى لىشاينىك كىسلاتاسى چىرىتىش رولىغا ئىگە بولۇپ، تاغ جىنسلىرىنى ئېرىتىپ تۇپراق شەكىللەندۈرەلەيدۇ. ئالىملار لىشاينىكلارنىڭ تاش يۈزىنى چىرىتىش دەرىجىسىگە قاراپ، مۇزلۇقلار ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى ھەم قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل دەۋرىگە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. كۆپ خىل لىشاينىكلار خىمىيە ۋە مېدىتسىنا ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.




ئوخشىمىغان قەۋەتلىك لىشاينىكلارنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى





قاتتىق نەم يەر ئۈستىدە ئۆسكەن يوپۇرماقسىمان لىشاينىكلار



## مۆخ

مۆخ كىچىك تىپلىق، كۆپ ھۈجەيرىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك. ئۇ ئاجىز، كىچىك، پاكار گەۋدىسى بىلەن سۇدا ياشاشتىن قۇرۇقلۇقتا ياشاشقا ئەڭ دەسلەپ كۆچكەن. مۇخلار نەچچە سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە بولىدۇ، چوڭلىرىمۇ ئون سانتىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك كېلىدۇ. كۆپچىلىكىنىڭ غول ۋە يوپۇرماقلىرى بولىدۇ، ئاز ساندىكىلىرى يوپۇرماقسىمان تەندىنلا ئىبارەت. ئۇلاردا ھەقىقىي يىلتىز يوق، بىر ھۈجەيرە ياكى كۆپ ھۈجەيرىدىن تۈزۈلگەن يالغان يىلتىزىلا بولۇپ، سۇ سۈمۈرۈش ۋە چاپلىشىش رولىنى ئۆتەيدۇ. يۇسۇنلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا قۇرۇقلۇقتا ياشاش ئىقتىدارى تولۇق ھازىرلانغان.



تەڭگە مۆخ



پورېللا






كاككۇك زىغىرى

### ئاۋانگارت ئۆسۈملۈك

قۇرغاق قۇم - چۆللەر ۋە بىپايان دېڭىز - ئوكيانلاردىن باشقا ھەممە يەردە دېگۈدەك مۇخلار ئۆسەلەيدۇ. مۇخلار كۆپ مىقداردا سۇ يىغالايدۇ، كىسلاتالىق ماددىلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىش ئارقىلىق، تاشلارنىڭ يۈزىنى چىرىتىش ۋە خام تۇپىنى پىشۇرۇش جەريانىنى تېزلىتىدۇ. ئۇنىڭ تۆھپىسى لىشايىنىكنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ. شۇڭا، كىشىلەر مۇخلارنى تەبىئەتتىكى ئاۋانگارت ئۆسۈملۈكلەر دېيىشىدۇ.

### ئاتموسفېرا سۈپىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈرگۈچى

مۇخنىڭ يوپۇرمىقى بىر قەۋەت ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلگەن، شۇڭا ئاتموسفېرا ۋە يامغۇر سۇلىرىدىكى بۇلغانمىلار مۇخ ئۆسۈملۈك تېنىگە بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزىدۇ. ھاۋادىكى كاربون Ⅳ ئوكسىد مىقدارى ھەر كۇب مېتىر ھاۋادا 0.5 مىللىگرامغا يەتسىلا، كۆپ ساندىكى مۇخلار ئۆلۈپ كېتىدۇ. كىشىلەر مۇخلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، مۇھىت بۇلغىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ.



لەيلىمە مۆخ



ئاماكىنويە مۆخى




بەزى نەم، سايە جايلاردا پارچە - پارچە يېشىل مۇخلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ، ئۈستىدە ماڭسا ناھايىتى تېيىلغاق. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۆخ ئەمەس، بەلكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەردىن بولغان كۆك يۇسۇنلەردۇر.



ھەمىشىۋا مۆخى

# پاپوروتنىك

پاپوروتنىكلار يەر شارىدا ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان قۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلىرىدۇر. قەدىمكى ئوتتۇرا ھاياتلىقلار ئېراسى مەزگىلىدىكى يەر شارى پاپوروتنىكلارنىڭ دۇنياسى بولۇپ، ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقان كۆمۈرلەر ئاساسلىقى شۇ چاغدىكى پاپوروتنىكلاردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. ھازىرقى پاپوروتنىكلارنىڭ تۈرى 12 مىڭدىن ئارتۇقراق. قۇرغاق قۇملۇقلار بىلەن سوغۇق ئانتاركتىدا قىتئەسىدىن باشقا ھەممە جايغا پاپوروتنىكلار تارقالغان، بولۇپمۇ ئىللىق، نەم مۇھىتتا ھەر خىل پاپوروتنىكلار ئىنتايىن ئاينىپ ئۆسىدۇ.



مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدىغان چاڭگىسىمان پاپوروتنىك.



بۇغا مۈڭگۈزىسىمان پاپوروتنىك



پاپوروتنىكلار سپورا ئارقىلىق كۆپىيىپ، سپورا خالتىسى يوپۇرماق گىرۋەكلىرى ياكى يوپۇرماقنىڭ دۈمبە تەرىپىگە يېپىشىپ ئۆسىدۇ.




پاپوروتنىكلارنىڭ ھايات مۇساپىسى.

## ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچقان پاپوروتنىكلار

پاپوروتنىكلار لىشايىنىك ۋە مۇخلارغا ئوخشاش ئەۋلادىنى سپورا ئارقىلىق كۆپەيتىدۇ، چېچەكلەپ مېۋىلىمەيدۇ، لېكىن تېنىدە ئىپتىدائىي ئۆتكۈزگۈچ نەيچە توقۇلمىلىرى بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، ئۇلار ھەم خېلى يۇقىرى دەرىجىلىك سپورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ھەم ئەڭ ئىپتىدائىي ئۆتكۈزگۈچ نەيچىلىك ئۆسۈملۈكلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى جەريانىدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش رولىنى ئوينايدۇ. خېلى كۆپ پاپوروتنىكلارنى خەنزۇ تېبابىتىدە دورا قىلىپ ئىشلىتىشكە، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىشقا، بەزىلىرىنى يەنە يەم ـ خەشەك، بوياق ماتېرىيالى قىلىشقا ۋە بەزىلىرىدىن ماي چىقىرىشقا بولىدۇ.



قۇرغاق يەر پاپوروتنىكى



## ئەتىۋارلىق سىياتېيە پاپوروتنىكى

سىياتېيە دەرەخسىمان پاپوروتنىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى نەملىكنى ياخشى كۆرىدۇ، ئون مېتىر ئېگىز ئۆسەلەيدۇ. 300 مىليون يىللار ئىلگىرى سىياتېيەلەر ناھايىتى قويۇق ئۆسكەن، ھازىرقى سىياتېيەلەر ساقلىنىپ قالغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى، شۇڭا ئىنتايىن قىممەتلىك. ئۇ قارىماققا پالمىغا ئوخشايدۇ، غولىدا شاخلىرى يوق، پەقەت چوققىسىدا چوڭ ھەم پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىرىلا غۇجەكلا ئۆسىدۇ.

# يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر

مۆتىدىل بەلۋاغ ئورمانلىرىدا ئېگىز، مەزمۇت، يوپۇرماقلىرى يىڭنىسىمان ياكى تاسمىسىمان دەرەخلەر ئۆسكەن. مېۋە ئۇرۇقلىرىنىڭ پوستى يوق، ئوچۇق - يالىڭاچ بولغاچقا، بوتانىكلار ئۇلارنى يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر دەپ ئاتىغان. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈك - قارىغاي. قارىغاي چېچەكلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇرۇقلانغان ئۇرۇقى قۇرغاق، سوغۇق مۇھىتتىمۇ ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدۇ.





### قارىغاي ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر

شىمال تەرەپنىڭ قىش كۈنلىرى كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ كېتىدۇ، قارىغايلار يەنىلا بۈك - باراقسان پېتى ياشىرىپ تۇرىدۇ. قارىغاي يوپۇرمىقىنىڭ ئۆمرى تۆت - بەش يىل بولۇپ، ھەر يىلى بىر قىسىم كونا يوپۇرماقلار تۆكۈلۈپ، يەنە بىر قىسىم يېڭى يوپۇرماقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. قارىغايلارنىڭ ئاتىلىق ۋە ئانىلىقى بىر تۈپتە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى يىڭنىسىمان، ئۆزى ئېگىز، تىك ئۆسىدۇ. ئاساسلىقى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ رايونلىرىدا ئۆسىدۇ، نۆلدىن تۆۋەن 50 ~ 60 گرادۇس سوغۇققىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.



نۇپۇزلۇق كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## شەمشاد

شەمشادنىڭمۇ قارىغايغا ئوخشاش ئانىلىق - ئاتىلىقى بىر تۈپتە بولىدۇ. شەمشاد بۇنىڭدىن 60 مىليون يىللار ئىلگىرى، يەنى 100 مىليون يىلدىن 60 مىليون يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىمالىي يېرىم شاردا بۈك - باراقسانلىشىپ زېمىننى قاپلىغان. تۆتىنچى ئېرا مۇز دەۋرىگە كەلگەندە كۆپ قىسمىنىڭ نەسلى قۇرۇپ، بىرقەدەر تۆۋەن جۇغراپىيىلىك كەڭلىكتىكى ئىللىق، نەم جايلاردىلا بەزى تۈرلىرى ساقلىنىپ قېلىپ، «تىرىك تاش قاتما»غا ئايلانغان. مەملىكىتىمىزدە چوڭ شەمشاد، تەيۋەن شەمشىدى، كۈمۈش شەمشاد قاتارلىقلار بار. شەمشادنىڭ بەزى تۈرلىرى مەملىكىتىمىزدە كەڭ تۈردە ئۆستۈرۈلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئۆسۈشى تېز، مەھسۇلاتى يۇقىرى، ماتېرىيال سۈپىتى ياخشى، ئىشلىتىلىشى كەڭ.

ئىللىق، نەم جايلاردىكى قارا شەمشادلىق



شەمشاد يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىللىك بولۇپ، كىچىك شاختا بۇرمىسمان تىزىلىپ ئۆسىدۇ.



كۈمۈشئۆرۈكنىڭ ئاق مېۋىلىرى

يەلپۈگۈچسىمان يوپۇرماقلىرى

## كۈمۈشئۆرۈك

كۈمۈشئۆرۈك يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە بىردىنبىر يوپۇرماق تاشلايدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخ. يوپۇرمىقى كىچىك يەلپۈگۈچكە ئوخشايدۇ، ئاتىلىق - ئانىلىقلىرى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ؛ ئۇرۇقى گۆشلۈك ئۇرۇق پوستى ئىچىدە بولىدۇ. كۈمۈشئۆرۈك قەدىمدە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولۇپ، تۈرىمۇ كۆپ ئىدى. 2 مىليون يىللار ئىلگىرى كۈمۈشئۆرۈك جەمەتى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچراپ، پەقەت بىرلا تۈرى مەملىكىتىمىزدە ساقلىنىپ قالغان.



قەدىمكىلەر كۈمۈشئۆرۈكنى ھەر خىل سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىگەن ۋە «مۇقەددەس دەرەخ» دەپ قارىغان.



سىكاسنىڭ ئۇرۇقلىرى



ئانىلىق شارچە گۈلىنىڭ ئىچى ئۇرۇق بىلەن تولغان.

سىكاسنىڭ ئانىلىق شارسىمان گۈلى



## سىكاس دەرىخى

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى باغچىلاردا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. دىنوزاۋرلار ھۆكۈم سۈرگەن ئوتتۇرا ھاياتلىقلار ئېراسىدا سىكاسلار راسا ئاينىغان، دىنوزاۋرلار يوقالغاندىن كېيىن زاۋالغا يۈز تۇتقان. ھازىر 100دىن ئارتۇق سىكاس تۈرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، تروپىك بەلۋاغ، سۇبتروپىك بەلۋاغلارنىڭ بەزى جايلىرىغا تارقالغان. سىكاسنىڭ غولىدا كراخمال مول بولۇپ، يېمەكلىك قىلىشقا بولىدۇ، ئۇرۇق ۋە يوپۇرماقلىرىنى دورا قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.



سىكاسنىڭ ئاتىلىق مەدەكسىمان گۈلى

يۈننەن شىشۇاڭبەننادىكى سىكاس شاھى



# يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر

يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈملۈكلەر تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تۆرەلمە تۇگۈنى يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭكىگە ئوخشاش سىرتقا ئېچىلىپ تۇرماستىن، بەلكى ئۇرۇقدان ئىچىدە قوغدىلىپ تۇرىدۇ، مۇۋاپىق شارائىت ئاستىدا يېتىلىپ مېۋە ۋە ئۇرۇققا ئايلىنىدۇ. يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەردىن رەڭدار، شەكلى كۆركەم، خۇش پۇراقلىق گۈللەر ئېچىلىدۇ ھەمدە چېچەكلەش ئارقىلىق نەسىل قالدۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر ياكى ئوچۇق گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھازىر يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى 200 مىڭدىن ئارتۇق.

يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ دەرەخ، چاتقال، پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك ۋە سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قاتارلىق ناھايىتى كۆپ تۈرى بار. ئۇلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ، ئۇلار ئىنسانلارنى كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك، تۇرار جاي ۋە يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتتە مول خام ئەشيالار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۆسۈملۈك تۈپى يېتىلىپ بەلگىلىك باسقۇچقا كەلگەندە، چېچەكلەش، چاڭلىشىش، ئۇرۇقلىنىش ئارقىلىق مېۋە ۋە ئۇرۇقلارنى ھاسىل قىلىدۇ.




يوپۇرماق فوتوسىنتېزلاپ ئوزۇقلۇق ماددا ياسايدىغان ئەزا. ئۇ يەنە سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

غول ۋە شاخلارنىڭ رولى سۇ ۋە ئوزۇقلۇقلارنى توشۇش، ئۆسۈملۈك تېنىنى تىرەپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

## يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەزالىرى

تىپىك يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر يەر ئۈستى قىسمىدىكى غول، يوپۇرماق، گۈل، مېۋە، ئۇرۇق ۋە يەر ئاستى قىسمىدىكى يىلتىزلاردىن تەركىب تاپقان. يىلتىزلىرى يەر ئاستىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، سۇ ۋە ئانئورگانىك تۇزلارنى سۈمۈرۈپ بېرىدۇ ۋە يەر ئۈستىدىكى ئۆسۈملۈك تېنىنى مۇقىملاپ تىرەپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com






## ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھايات مۇساپىسى

يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پىشقان ئۇرۇقى ئۆزلۈكىدىن چېچىلىپ چۈشۈشى ياكى شامالنىڭ ئۇچۇرۇشى ئارقىلىق تۇپراققا كىرىپ مۇۋاپىق شارائىتتا بىخلىنىپ يىلتىز چىقىرىدۇ ھەم يېتىلىپ مايسىغا ئايلىنىدۇ، كېيىن كۆپىيىش دەۋرىگە كىرىپ چېچەكلەيدۇ، گۈلدە ئاتلىق ۋە ئانىلىقلىرى بولىدۇ. ئاتالمىقتا ھاسىل بولغان گۈل چېڭى ھەرە، كېپىنەك، شامال قاتارلىق ۋاستىچىلار ئارقىلىق ئانىلىقنىڭ ئانىلىق ئاغزىغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئۆزئارا 'تونۇشۇش' تىن كېيىن ئانىلىق ئاغزىنىڭ ئاجرىتىپ چىقارغان ماددىلىرىنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرىغان گۈل چېڭى بىخلىنىپ گۈل چېڭى نەيچىسى چىقىرىدۇ ھەمدە ئىككى دانە ئۇرۇق قويۇپ بېرىدۇ، ئۇرۇقداندىكى تۆرەلمە خالتىسىنىڭ ئىچىگە يەتكۈزۈلگەن ئۇرۇق تۇخۇم ھۈجەيرىسى بىلەن بىرىكىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇقلىنىش تاماملىنىدۇ. ئۇرۇقلانغاندىن كېيىن تۆرەلمە تۈگۈنى بىلەن ئۇرۇقدان دىۋارى ئايرىم يېتىلىپ ئۇرۇق بىلەن مېۋە پوستىغا ئايلىنىپ، مېۋىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مېۋىدىكى ئۇرۇق يەنە تارقىلىپ ئۆسۈملۈكنىڭ يېڭى ھايات مۇساپىسىنى باشلايدۇ.




### ئۆسۈملۈكنىڭ سۇنى پارغا ئايلاندۇرۇشى

ئۆسۈملۈك ئىچىدىكى سۇنىڭ سىرتقا ئۈزلۈكسىز گاز ھالەتتە تارقىلىش جەريانى پارغا ئايلاندۇرۇش دېيىلىدۇ. ئۆسۈملۈك ئىچىدىكى سۇ ئاساسلىقى يىلتىز ئارقىلىق تۇپراقتىن سۈمۈرۈلۈپ، ئۆتكۈزگۈچ نەيچە توقۇلمىلىرى ئارقىلىق غول، شاخلارغا، ئاخىرىدا يوپۇرماققا يەتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن يوپۇرماق ۋە يۇمران نوتىلارنىڭ يۈزىدىن پارغا ئايلاندۇرۇلۇپ ھاۋاغا تارقىلىدۇ. پارغا ئايلىنىش ئارقىلىق سۇ ۋە سۇدا ئېرىگەن ئانئورگانىك تۇزلار تۇپراقتىن ئۆسۈملۈك ئىچىگە ئۆتىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسەلىشىدىكى مۇھىم ھالقا. ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدىكى سۇنى پارغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، يازدا قۇرۇپ كېتىشتىن ساقلىنالايدۇ.






## چىرايلىق گۈللەر

رەڭگارەڭ گۈللەر يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىدۇر: ئۆسۈملۈكنىڭ «هامىلىسى» گۈل ئىچىدە يېتىلىپ چىقىدۇ. گۈللەر خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ بولسىمۇ، تۈزۈلۈشى ئاساسەن ئوخشاش. گۈل — گۈل ساپىقى، گۈل تېگى، گۈل يېپىنچىسى، ئاتىلىق ۋە ئانىلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. گۈلنىڭ ئەڭ چىرايلىق قىسمى گۈل تاجى بولۇپ، گۈل تاجى بىلەن گۈل كاسىسى قوشۇلۇپ گۈل يېپىنچىسى دېيىلىدۇ. گۈل تاجى ئىچىدىكى ئاتىلىق ۋە ئانىلىقلار گۈلنىڭ كۆپىيىش ئەزاسى هېسابلىنىدۇ.



چايان قۇيرۇقسىمان گۈل رېتى



كونۇسسىمان گۈل رېتى



كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى

گۈل بەرگلىرى بىرىكىپ گۈل تاجىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئاتىلىق يىپىنىڭ چوققىسىدا چاڭدان، چاڭدان ئىچىدە نۇرغۇن گۈل چېڭى بولىدۇ. ئۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئاتىلىق جىنسىي هۈجەيرىسى هېسابلىنىدۇ.




لوڭقا شەكىللىك ئانىلىقنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى ئۇرۇقداندا تۆرەلمە تۈگۈنى بار بولۇپ، ئۆسۈملۈكنىڭ يۇمران هاياتلىقنى يېتىلدۈرىدىغان جاي هېسابلىنىدۇ، ئۆسۈملۈكنىڭ تۇخۇم هۈجەيرىسى مۇشۇ يەردە بولىدۇ.



باشاقسىمان گۈل رېتى



مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى

## گۈل رېتى

بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر گۈل شېخىدا بىرلا گۈل ئېچىلىدۇ. بۇنداق گۈللەر يالغۇز گۈللۈكلەر دېيىلىدۇ، بۇ خىل گۈللەر چوڭراق بولىدۇ. زور كۆپچىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈللىرى گۈل ئوقىدا بەلگىلىك رەت تەرتىپى بويىچە ئۆسۈپ، ئوخشىمىغان تىپتىكى گۈل تىپىنى شەكىللەندۈرگەن. گۈل رېتىدىكى گۈللەر كىچىكرەك بولىدۇ، لېكىن نۇرغۇن گۈللەر بىللە ئۆسكەندە، چاڭلىنىشىغا پايدىلىق بولۇپ، كۆپ مېۋىلەيدۇ ھەم ئۇرۇقىمۇ كۆپ بولىدۇ.



باغلامسىمان گۈل رېتى



نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى



باشسىمان گۈل رېتى

## گۈل تاجى

گۈل تاجى گۈل بەرگلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. گۈل بەرگلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل، سانىمۇ ئوخشاشمايدۇ، بەزىلىرىدە ياپراق - ياپراق گۈل بەرگلىرى گۈل كاسىسىدا بىر ئايلانما ياكى كۆپ ئايلانما بولۇپ تىزىلىدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ گۈل بەرگلىرى ئاز، ئەمما ھەر خىل شەكىللىك بولىدۇ. گۈل چېچەكلەشتىن بۇرۇن غۇنچە دېيىلىدۇ. كۆپلىگەن گۈللەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خۇشپۇرىقى بىلەن ھاشاراتلارنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى چاڭلىنىشقا ياردەملەشتۈرىدۇ. گۈلنىڭ خۇشپۇرىقى گۈل بەرگىدىكى بىر خىل ھۈجەيرىدىن ياسىلىپ چىقىدۇ.

خىلمۇخىل ھەم رەڭگارەڭ گۈل تاجلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ئاچچىق تاۋۇز خەمەكلىك مېۋە

چىلان — ئۇچكىلىك مېۋە

ماندارىن — ئاپېلسىنسىمان مېۋە

ئالما — نەشپۈتسىمان مېۋە



ياڭاق — ئۇچكىلىك مېۋە



بىرتشىيدىرا — غوزىلىق مېۋە

## مېۋە ۋە ئۇرۇق

مېۋە ۋە ئۇرۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نەسىل قالدۇرىدىغان ئەزالىرى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ مۇھىم يېمەكلىك مەنبەسى. ئۆسۈملۈك چاڭلىنىپ ئۇرۇقلانغاندىن كېيىن گۈل كاسىسى، گۈل بەرگى ۋە ئاتىلىقلار سولىشىپ چۈشۈپ كېتىدۇ، ئانىلىقنىڭ تۈۋى قىسمىدىكى ئۇرۇقداندىكى ئۇرۇقلانغان تۇخۇم يېتىلىشكە باشلايدۇ. ئۇرۇقدان دىۋارى ئۇزلۇكسىز ئۆسۈپ مېۋە پوستىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئۇرۇقداندىكى تۆرەلمە تۈگۈنى يېتىلىپ ئۇرۇققا ئايلىنىدۇ. ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىلىرى مېۋە پوستىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇرۇق مېۋە، قىلتىرىقلىق مېۋە، قاتتىق پوستلۇق مېۋە، خەمەكلىك مېۋە، ئۇچكىلىك مېۋە قاتارلىق ئون نەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ.



باقلا (جاڭدۇ)نىڭ قاسراقلىق مېۋىسى ۋە ئۇرۇقى







ئاناناس ۋە ئانونا — كوللېكتىپ مېۋە



ئابدىمىلىك ئۇرۇقى





دانلىقلارنىڭ دېنى — قىلتىرىقلىق مېۋە



كۆك پۇرچاقنىڭ قاسراقلىق مېۋىسى ۋە ئۇرۇقى



نىلۇپەر مېۋىسى ۋە بۆلجۈرگەن — توپ مېۋە



كاشتان — قاتتىق مېۋە





ئۇرۇقنىڭ تۈزۈلىشى



مامكاپ — ئۇرۇق مېۋە

ئۇرۇقنىڭ تۆرەلمە يىلتىزى ئالدى بىلەن ئۇرۇق پوستىنى يېرىپ چىقىدۇ، ئارقىدىنلا تۆرەلمە بىخ ئۆسۈپ چىقىدۇ، ئاخىرىدا ئۆسۈپ يىلتىز، غول، يوپۇرماقلىرى بولغان مايسىغا ئايلىنىدۇ.

ئۇرۇق نەم تۇپراقتىن سۇ سۈمۈرگەندىن كېيىن، ھۈجەيرىلەردىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار ھىدرولىزلىنىپ گلىكوزا، مالتوزا ۋە ئامىنو كىسلاتالارغا پارچىلىنىدۇ ھەمدە يۇمران تۆرەلمىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تەمىنلەيدۇ.



ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈپ مايسىغا ئايلىنىشى

باھاردا ھاۋا ئىللىپ، يامغۇر – يېشىن يېتەرلىك بولسىلا، ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىشى ئۈچۈن شارائىت تۇغۇلىدۇ.



سۈنئىي ئۇرۇق

كىشىلەر ئۆسۈملۈك توقۇلمىسىنى تەنچىسىدىن ئايرىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇق تۈزۈلۈشىگە ئوخشايدىغان تۆرەلمىسىمان تەنچىلەرنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. كېيىن، ھەربىر تۆرەلمىسىمان تەنچىنىڭ سىرتىنى بىر قەۋەت سۈنئىي ئۇرۇق پوستى بىلەن ئوراپ، ئىچىگە سۈنئىي تۆرەلمە سۈتى قاچىلاپ، شەكلى بېلىق مېيى كۈمىلچىغا ئوخشايدىغان سۈنئىي ئۇرۇقنى ياساپ چىقتى.



# ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى، غولى ۋە يىلتىزى

يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇكەممەل يوپۇرماق، غول ۋە يىلتىز بولىدۇ. يوپۇرماق بىلەن غول يەر ئۈستى قىسمى بولۇپ، يوپۇرماق فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق ئۆسۈملۈك ئۆچۈن ئوزۇقلۇق ياساپ بېرىدۇ ھەمدە بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلارنى غولغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. غول يوپۇرماق بىلەن يىلتىزنى تۇتاشتۇرۇپ سۇ ۋە ئوزۇقلۇق توشۇشقا مەسئۇل. يىلتىز ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئاستى قىسمى بولۇپ، زور يىلتىز سىستېمىسى تۇپراقتىكى سۇ ۋە ئانئورگانىك تۇزلارنى ئۇزلۇكسىز سۈمۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۆسۈملۈك تېنىنى تىرەپ تۇرىدۇ. يوپۇرماق، غول، يىلتىزلار مۇكەممەل بىرلىشىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈملۈك تېنىنى ھاسىل قىلىدۇ.

### ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى

ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ، لېكىن ھەممىسى يوپۇرماق ئالقىنى، يوپۇرماق سېپى ۋە يوپۇرماق تەگلىكىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇلار تولۇق بولسا، مۇكەممەل يوپۇرماق دېيىلىدۇ. بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقىدا يوپۇرماق تەگلىكى بولمايدۇ، يەنە بەزى يوپۇرماقلارنىڭ يوپۇرماق سېپى بولمايدۇ، يەنە ئايرىم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماق ئالقىنى بولمايدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرماقلىرى ياشاش مۇھىتىغا ماسلىشىش جەريانىدا نۇرغۇن شەكىل ئۆزگەرتكەن.




يوپۇرماقنىڭ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى يۈزى ئارىلىقىدىكى قىسمى يوپۇرماق ئېتى ھېسابلىنىدۇ. يوپۇرماق ئېتى ھۈجەيرىلىرىدە زور مىقداردا خلوروپلاست بولىدۇ. خلوروپلاست فوتوسىنتېزلاپ ئوزۇقلۇق ماددا ياسايدىغان «زاۋۇت».







ئۈستۈنكى يۈزگە يېقىن رېشاتكىسىمان توقۇلمىدىكى ھۈجەيرىلەردە خلوروپلاست مىقدارى كۆپ.

ئاستىنقى يۈزگە يېقىن بۇلۇتسىمان توقۇلما ھۈجەيرىلىرىنىڭ شەكلى تەرتىپسىز، خلوروپلاست مىقدارى ئاز بولىدۇ.

بىر جۈپ قوغدىغۇچى ھۈجەيرە ئارىلىقىدا بىر ھاۋا تۆشۈكى شەكىللىنىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ نەپەسلىنىش يولى ھېسابلىنىدۇ. ھاۋا تۆشۈكىنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلىشىنى قوغدىغۇچى ھۈجەيرە كونترول قىلىدۇ.

## يوپۇرماق ئالقىنى ئېپىدېرمىسى

يوپۇرماق ئالقىنى ئېپىدېرمىسى تىزىلىشى زىچ، رەڭسىز، سۈزۈك ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلگەن. ئېپىدېرما ھۈجەيرىلىرىنىڭ سىرتقى دىۋارىدىكى مۇڭگۈز ماددىلىق قەۋىتى ياكى موم قەۋىتى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. ئېپىدېرمىدا نۇرغۇن يېرىم ئاي شەكىللىك جۈپ قوغدىغۇچى ھۈجەيرىلەر بولىدۇ.




يوپۇرماق ئېتى ھۈجەيرىلىرىدىكى يوپۇرماق تومۇرلىرى يوپۇرماقنى تىرەپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئۆتكۈزگۈچى نەيچىلەر يوپۇرماققا سۇ ۋە ئوزۇقلۇقلارنى يەتكۈزىدۇ، غەلۋىرسىمان نەيچىلەر يوپۇرماق ياسىغان ئوزۇقلۇق ماددىلارنى شاخ ۋە غوللارغا توشۇيدۇ.




### يوپۇرماقنىڭ شەكلى

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى قاسىراقسىمان، تۆمۈنسىمان، شىناسىمان، توخۇمسىمان، ئورغاقسىمان، ئىسكىرىپكىسىمان قاتارلىق خىلمۇخىل شەكىللەردە بولىدۇ. يوپۇرماقلارنىڭ شەكلى ئوخشاشمايلا قالماي، ھەر خىل شەكىلدىكىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. يوپۇرماق گىرۋىكى يوپۇرماق يىرىقچىلىرى دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى



چاچما يىلتىز

يىلتىز ئۆسۈملۈك تۈپىنى تۇراقلاشتۇرۇش، سۇ ۋە ئانئورگانىك تۇزلارنى سۈمۈرۈشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، ئاساسلىق يىلتىزى تەرەققىي قىلغان، ئوق يىلتىز سىستېمىسىدىكى يىلتىز؛ يەنە بىر خىلى، چاچما يىلتىز سىستېمىسىدىكى يىلتىز. چاچما يىلتىز سىستېمىسىدا ئوق يىلتىز ئۆسۈپ چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتا ئۆسمەيدۇ، غولىنىڭ تۆۋى قىسمىدىن نۇرغۇن ئىنچىكە يىلتىز ئۆسۈپ چىقىدۇ، مەسىلەن، بۇغداي، كۆممىقوناق، شال قاتارلىقلارنىڭ يىلتىزى شۇنداق.

بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولىدىن يەنە نۇرغۇن ئۇششاق يىلتىز ئۆسۈپ چىقىپ، ئوق يىلتىزنىڭ ئۆسۈملۈك تۈپىنى تىرەپ تۇرۇشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن يەرگە چوڭقۇرلاپ كىرىدۇ. بۇنداق يىلتىز تىرەك يىلتىز دېيىلىدۇ.



كۆممىقوناقنىڭ تىرەك يىلتىزلىرى



زاپاس ساقلىغۇچى توم يىلتىز

بەزى توم، يوغان يىلتىزلاردا كراخمال ۋە قەنت زاپاس ساقلىنىدۇ. بۇنداق يىلتىز زاپاس ساقلىغۇچى يىلتىز دېيىلىدۇ.

سازلىق ۋە دېڭىز ساھىللىرىدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، غولىنىڭ ئەتراپىدىن نۇرغۇن نەپەسلىنىش يىلتىزىنى چىقىرىدۇ.



يىلتىزنىڭ تۈزۈلۈشى




تۇپراقتىكى سۇ يىلتىز تۈكچىسى ئارقىلىق يىلتىزغا كىرىدۇ.




## ئۆسۈملۈكنىڭ غولى

بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولىنىڭ ئېگىزلىكى نەچچە ئون مېتىرغا يېتىدۇ، پاكار ئوت ـ چۆپنىڭ ئاران نەچچە سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر غولىنىڭ ياغاچلىشىش دەرىجىسى ۋە غول ئېگىزلىكىگە قاراپ، دەرەخلەر، چاتقاللار، سامان غوللۇقلار ۋە يامىشىش ئالاھىدىلىكى بولغان پىلەك غوللۇقلار دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. غول ئۆسۈملۈك تۈپىنى تىرەپلا قالماستىن، يەنە يىلتىزنىڭ تۇپراقتىن سۈمۈرگەن سۇ ۋە ئانئورگانىك تۇزلارنى يوپۇرماققا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئاندىن يوپۇرماق ياسىغان ئوزۇقلۇق ماددىنى يىلتىز ۋە باشقا ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.



ئاساسىي غولى يوق يانتۇ ئۆسكەن غوللار



ياڭيۇنىڭ كاللەكسىمان غولىدا زور مىقداردا كراخمال ساقلىنىدۇ. بۇنداق غول زاپاس ساقلىغۇچى غول دېيىلىدۇ.



يەر باغىرلىغۇچى غولدا ناھايىتى كۆپ ھاۋا يىلتىزلىرى بولىدۇ.



ياماشقۇچى غول ئۆزىدىكى چىرمىغۇچى بۇرۇتچىلار ۋە تۇراقسىز يىلتىزلارغا تايىنىپ دەل ـ دەرەخ ياكى باشقا نەرسىلەرگە يامىشىپ ئۆسىدۇ.

## يىل ھالقىسى

دەرەخنى كېسىپ يىقىتقاندىن كېيىن، غولىنىڭ كەسمە يۈزىدە چەمبىرەك سىزىقلارنى كۆرۈشكە بولىدۇ، مانا بۇ دەرەخنىڭ يىل ھالقىسىدۇر. ئەسلىدە دەرەخنىڭ غولىدا قەۋەت شەكىللەندۈرگۈچى ھۈجەيرىلەر بولۇپ، شۇلار غولنى تومىلىتىدۇ. پەسىل ئۆزگەرسە دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈش قانۇنىيىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ، شۇڭا ئۆسۈش جەريانىدا ھالقىسىمان ئەتىيازلىق ياغاچ ۋە كۈزلۈك ياغاچ ھاسىل بولۇپ، يىل ھالقىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. يىل ھالقىسىنىڭ سانىغا قاراپ، دەرەخنىڭ يېشىنى بېكىتىشكە بولىدۇ.



دەرەخنىڭ غولى سىلىندىرسىمان بولۇپ، يوغان ھەم تىك ئۆسىدۇ.

ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ، غولىنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلىرى يېتەرلىك بولغاچقا، ھۈجەيرە بۆلۈنۈشى تېز، ھاسىل قىلغان ھۈجەيرىلىرى چوڭ، پوستى نېپىز بولىدۇ. شۇڭا، ياغىچى بوش، رەڭگى سۇس ئەتىيازلىق ياغاچ شەكىللىنىدۇ. كۈزدە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، ئوزۇقلۇق ئازىيىدۇ، ھۈجەيرە بۆلۈنۈشى ئاستىلاپ، ھاسىل قىلغان ھۈجەيرىلىرى كىچىك، پوستى قېلىن بولىدۇ. شۇڭا، ياغىچى زىچ، رەڭگى قېنىق كۈزلۈك ياغاچ شەكىللىنىدۇ.



## دەل ـ دەرەخلەر



قۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلىرى ئىچىدە ئەڭ ئېگىز، ئەڭ چوڭ ئېكولوگىيىلىك تۈر ھېسابلىنىدىغان دەل ـ دەرەخلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇشىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ياغاچ ماتېرىياللىرى ئىنسانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي سېلىش، ھەر خىل قورال ـ سايمان ۋە قەغەز ياساشتىكى مۇھىم خام ئەشياسى بولۇپ كەلمەكتە. كۆپ ساندىكى قۇرۇق، ھۆل مېۋىلەرمۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مەھسۇلاتى. دەل ـ دەرەخلەردىن تەركىب تاپقان ئورمانلار ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار مۇھىتنى سالقىنلاشتۇرىدۇ، گۈزەللەشتۈرىدۇ، بوراننى توسۇپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدۇ، سۇ ـ تۇپراقنى ساقلايدۇ، بولۇپمۇ ئاتموسفېرا تەركىبلىرىنى ئۈنۈملۈك تەڭشەپ بېرەلەيدۇ.

### مەزمۇت كېدر دەرىخى

قەدىمىي باغ ـ بوستانلاردىن ھازىرقى كۆكەرتىلگەن شەھەرلەرگىچە ھەممە جايدا ئۇنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئۇ قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، غولىنىڭ يان شاخلىرى كېرىلىپ ئۇزارغاندا 100 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق يەر يۈزىنى قاپلايدۇ، يان شېخىدىكى كىچىك شاخلىرى سەل ـ پەل ساڭگىلاپ، پۈتۈن دەرەخ باراقسىنىنى ناھايىتى كۆركەم ئۇچلۇق مۇنار شەكلىگە كىرگۈزىدۇ.



كوكۇس پالمىسى



كېدر دەرىخى



كۇمۇش شەمشاد

### تروپىك بەلۋاغدا ئۆسىدىغان كوكۇس پالمىسى

كوكۇس پالمىسى يوغان، تىك ئۆسىدۇ، تروپىك بەلۋاغ دېڭىز ساھىلى رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان. ئۇ پالما ئائىلىسىگە كىرىدىغان دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، ئېگىزلىكى 15~30 مېتىر، يوپۇرماقلىرى غولىنىڭ چوققىسىدا، مېۋىسى يوپۇرماق سېپى بىلەن غولىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ ھەمدە تۆت پەسىلدە ئۈزۈلمەي مېۋىلەيدۇ. مېۋىسىدىكى شىرنە سۇيۇقلۇقى ئېسىل ئىچىملىك ھېسابلىنىدۇ؛ مېۋە گۆشىنى خام يېيىشكە بولىدۇ، ياغ چىقىرىشقىمۇ بولىدۇ.

### «تىرىك تاشقاتما» كۇمۇش شەمشاد

كۇمۇش شەمشاد يەر شارىدا نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ئۆسۈملۈك دەپ قارىلىپ كەلگەن. 1955 ـ يىلىغا كەلگەندە مەملىكىتىمىزدە بايقالغان. ھازىر مەملىكىتىمىزدىلا نەچچە مىڭ تۈپ كۇمۇش شەمشاد بار. ئۇ قارىغاي ئائىلىسىگە تەۋە دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، ئېگىزلىكى 24 مېتىرغا يېتىدۇ، غولى تۈز، قوۋزىقى كۈل رەڭ.



كۇمۇش شەمشادنىڭ يوپۇرمىقى ۋە مەدەكسىمان مېۋىسى



ئارچا

### قېرىماس دەرەخ ــ ئارچا

ئارچا ــ ئارچا ئائىلىسىگە كىرىدىغان، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ناھايىتى كىچىك تەڭگە شەكىللىك ياكى تىكەنسىمان، شاخ ـ يوپۇرماقلىرى تۆت پەسىلدە كۆكىرىپ تۇرىدۇ، ئۆزى ناھايىتى چىرايلىق دەرەخ. شاخلىرى چىقارغان ئۆزگىچە خۇشپۇراقتىن ئارچا ئاسانلىقچە كېسەللىك ۋە ھاشارات ئاپىتىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئارچا چىرىتىشكە، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، نەچچە يۈز يىللىق، ھەتتا مىڭ يىلدىن ئاشقان قېرى ئارچىلارمۇ يەنىلا باغجانلاپ ئۆسىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






## ئۈسۈملۈكلەر دۇنياسىدىكى گىگانت دەرەخ — پاراشور (پەلەك دەرىخى)

پاراشور مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن، گۇاڭشىلاردىكى تروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمانلىرىغا تارقالغان، ئەنبەر دەرىخى ئائىلىسىگە كىرىدىغان، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك دەرەخ. غول، شاخلىرى مەزمۇت، غول ئېگىزلىكى 70~80 مېتىرغا يېتىدۇ. يېتىلگەن پاراشوردا تاختىسىمان يىلتىزلار بولۇپ، ئۇنىڭ زور غولى ۋە دەرەخ باراقسىنىنى تۇراقلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. دەرەخ چوڭ بولسىمۇ، ناھايىتى ئاز مېۋىلەيدۇ. مېۋىسىنىڭ ئۆمرى قىسقا، يەرگە چۈشسىلا تېزلا بىخلىنىدۇ ياكى سېسىپ كېتىدۇ، شۇڭا تەبىئىي نەسىل قالدۇرۇشى قىيىنراق.




## ئەڭ رايىش دەرەخ — تۇخۇمەك

ئۇ ھەم مەنزىرە دەرىخى قىلىنىدۇ، ھەم قۇرۇلۇش، ئۆي جاھازلىرىنىڭ ياغاچ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ، گۈل، ئۇرۇق، قوۋزاق ۋە شاخلىرى دورا قىلىنىدۇ. تۇخۇمەك پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دەرەخ، ئەتىيازدا تېزىق - تېزىق ئاق چېچەكلەيدۇ، گۈلدە خۇش پۇراقلىق مايلار بولغاچقا، ھەسەل ھەرىلىرىنى جەلپ قىلالايدۇ. تۇخۇمەك مەملىكىتىمىزدىن باشقا ۋېيتنام، چاۋشيەن، ياپونىيىدىمۇ بار.




## چۆللۈكتىكى ئەزىمەت — توغراق

قۇرغاق، قۇملۇق جايلاردا ئۆسىدىغان توغراق قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا، شورغا چىدامچانلىقى بىلەن مەشھۇر، شۇڭا كىشىلەر «چۆلدىكى ئەزىمەت» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئېيتىلىشىچە، توغراقنىڭ ھايات مۇساپىسىدە 1000 يىلدىن ئۈچى بار ئىكەن: چۆلدە 1000 يىلغىچە قۇرۇپ كەتمەي ياشايدىكەن؛ قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن 1000 يىلغىچە يىقىلمايدىكەن؛ يىقىلغاندىن كېيىن 1000 يىلغىچە چىرىمايدىكەن. توغراق تال - تېرەكلەر ئائىلىسىگە تەۋە يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، ئېگىزلىكى 15~30 مېتىرغا يېتىدۇ. تېنىدە سۇ ساقلىيالايدۇ، مەزمۇت غولىغا تۆشۈك تېشىلسىلا سۇ ئېقىپ چىقىدۇ. تارىم ئويمانلىقى ۋە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چەت - ياقىلىرىدا چوڭ - چوڭ توغراقلىقلار بار.




## ئۆتكۈر زەھەرلىك ئانتىئار دەرىخى

مەملىكىتىمىزنىڭ گۇاڭشى، خەينەن ۋە يۈننەننىڭ جەنۇبىي قىسىم جايلىرىدا ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان زور دەرەخ — ئانتىئار دەرىخى ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ قوۋزىقى ئۆتكۈر زەھەرلىك سۈتسىمان سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرالايدۇ. ئانتىئار دەرىخى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىردىن تۆۋەن جايلاردىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلىق ۋە يامغۇرلۇق ئورمانلىقلاردا كۆپ ئۆسىدۇ، ھىندىستان ۋە ھىندونېزىيىلەردىمۇ تارقالغان.





مايودىند ـ
رون دەرىخد ـ
ىنىڭ غولـد ـ
ىدىكى گۈل



## ئۆسۈملۈكلەردىكى غەلىتە ھادىسىلەر

ھەرقانداق ئۆسۈملۈك مۇھىت شارائىتىغا ماسلاشقاندىلا، ئاندىن ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ. شۇڭا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلىق تەدرىجىي تەرەققىياتى جەريانىدا خىلمۇخىل ماسلىشىشچانلىق ئالاھىدىلىكلىرى بارلىققا كەلگەن. كونكرېت ئىپادىسى: يىلتىز، غول، يوپۇرماق، گۈل قاتارلىق ئەزالىرىدا ئادەتتىن تاشقىرى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن، نەتىجىدە ئۆسۈملۈكلەردە غەلىتە شەكىل ئۆزگەرتىش ھادىسىلىرى پەيدا بولغان.

### قېرى غولنىڭ چېچەكلىشى

تروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمىنىنىڭ ئوتتۇرا قەۋەت ۋە يۇقىرى قەۋىتىدىكى دەرەخلەر ئومۇمەن 30~40 مېتىر ئېگىزلىكتە بولىدۇ، ھالبۇكى، ھاشاراتلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئون مېتىردىن تۆۋەن بولغان ئاستىنقى قەۋەت دەرەخلىرىدە ۋە چاتقال قەۋىتىدە بولىدۇ. ھاشاراتلارنىڭ چاڭلاشتۇرۇشىغا ماسلىشىش نەتىجىسىدە، ئوتتۇرا، يۇقىرى قەۋەت دەرەخلىرىنىڭ كۆپ تۈرلىرى، مەسىلەن، باككاۋرېيە دەرىخى، ياۋا ئەنجۈر، نان دەرىخى قاتارلىقلاردا مېۋىلەپ ئەۋلاد قالدۇرۇشقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، تۆۋەندىكى شاخلىرىدىن چېچەكلەش ھادىسىسى بارلىققا كەلگەن.





بوغقۇچى ياۋا ئەنجۈر ئۆزى يېپىشىپ ئۆسكەن دەرەخنى تەدرىجىي چىرمىۋالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە سۇدىن ئايرىلىپ قۇرۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

### بوغۇپ قۇرۇتۇۋەتكۈچى ئۆسۈملۈكلەر

تروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمانلىرىدا بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھاۋا يىلتىزلىرى ئۆزى يېپىشىپ ئۆسۈۋاتقان دەرەخنىڭ ئاساسىي غولىنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ يامىشىدۇ، تۆۋەنگە قاراپ ئۆزىرايدۇ، بارا ـ بارا گىرەلىشىپ تورغا ئايلىنىپ، ئاساسىي غولنى چىڭ ئورىۋالىدۇ. يەنە يەر ئاستىدا دەرەخ بىلەن سۇ ۋە مىنېرال ئوزۇقلۇقلارنى تالىشىدۇ، يەر ئۈستىدە يورۇقلۇق ۋە بوشلۇق تالىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، دەرەخنىڭ ئۆسۈشىنى توختىتىپ، ئاخىرىدا بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ. كېيىن، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخنى ئاستا ـ ئاستا ئوغۇت ئورنىدا پايدىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## يەر يۈزى يىلتىزى

ھىندىستان ياۋا ئەنجۈرىنىڭ يەر يۈزى يىلتىزلىرىنىڭ شو-زۇلغان دائىرىسى دەرەخ باراقسىنىنىڭ سايىسىدىنمۇ چوڭ بولىدۇ. يەر يۈزى يىلتىزى دەرەخنى تىرەپ تۇرۇش، دەرەخنىڭ ياخشى تە-پەسسۇلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينىپلا قالماي، يەنە باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەتراپىدا ئۆسۈپ قېلىشىنى توسۇش، رىقا-بەت كۈچىنى ئاشۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.



ئۆمۈچۈك توردەك يەر يۈزى يىلتىزى



چوڭ تاختىسىمان يىلتىزلىق ئۆسۈملۈك

## تاختىسىمان يىلتىز

تروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمانلىرىدا ئۈستۈنكى قەۋەت دەرەخلىرى بار. ئۇلارنىڭ دەرەخ باراقسىنى ناھايىتى چوڭ، بەزى دەرەخلەر يىلتىز سىستېمىسىنىڭ نەپەسلىنىشىگە ئاسان بولۇش ۋە دەرەخ باراقسىنىنى تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن، غولىنىڭ تۈۋىدىن ئەتراپقا سوزۇلۇپ ئۆزىنى يوغىنىتىش يولىنى تاللىغان، شۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن چوڭ تاختىسىمان يىلتىزلار مەنزىرىسى شەكىل-لەنگەن. داتىسكا دەرىخىنىڭ ئېگىز ھەم كەڭ تاختىسىمان يىلتىزى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

بۇ 500 نەچچە ياشلىق ياۋا ئەنجۈر دەرىخى، ئۇنىڭ سان - ساناقسىز ھاۋا يىلتىزلىرى ئىرماش - چىرماش ياۋا ئەنجۈرلۈكنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يەردە ئون نەچچە تۈردىكى قۇشلار ۋە مىڭلىغان تۇرنىلار ياشايدۇ.





يەر ئاس-تىغا كىر-گەن ھاۋا يىلتىزلىرى

## ھاۋا يىلتىزى ۋە بىر تۈپتىن شەكىللەنگەن ئورمان

تروپىك بەلۋاغ رايونىدىكى ياۋا ئەنجۈرنىڭ گەۋدىسىدە شامالدا پۇلاڭلاپ تۇرىدىغان ھاۋا يىلتىزلىرى بولىدۇ. بۇ ھاۋا يىلتىزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، يەر يۈزىگە تېگىپلا قالسا، تۇپراققا يىلتىز تارتىۋالىدۇ. ھاۋا يىلتىزى تۇپراقتىن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىنتايىن تېز ئۆسۈپ، تەدرىجىي يېڭى غولغا ئۆزگىرىپ، ئاساسىي غولغا ئورتاقلىشىپ دەرەخ باراقسىنىنى تىرەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىر تۈپ ياۋا ئەنجۈر كېڭىيىپ، بىر پارچە دەرەخلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر

پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر باشقا ئۆسۈملۈكلەر ياكى تاغ جىنسلىرى قاتارلىق ئالاھىدە تىرەك بولالايدىغان جىسىملارغا تايىنىپ، يۇقىرىغا يامىشىپ ئۆسىدۇ. مۆتىدىل بەلۋاغ رايونلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى سامان غوللۇق پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەردۇر. تروپىك بەلۋاغ رايونلىرىدا غايەت زور ياغاچ غوللۇق پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزى پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولىنىڭ توملۇقى ئون نەچچە سانتىمېتىرغا، ئۇزۇنلۇقى نەچچە ئون مېتىردىن 100 نەچچە مېتىرغا يېتىدۇ، 20~30 مېتىر ئېگىز دەرەخكە قىيپاش ئېسىلىپ ياكى يۆگىشىپ ئۆسەلەيدۇ.



ۋېلۋىچىيە

چىرايلىق پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر



## ئىككى يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈك

يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈك — ۋېلۋىچىيە غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا چۆللۈكلىرىدىكى جىلغىلاردا ئۆسىدۇ، غولىنىڭ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىرلا كېلىدۇ، ئەمما غايەت زور ئىككى تال يوپۇرمىقى بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ ھەمدە ئۆمۈر بويى تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ. ۋېلۋىچىيە 100 يىلدىن ئارتۇق ياشايدۇ، ياشاۋاتقىنىغا 2000 يىل بولغانلىرىمۇ بار.

## بىر گۈللۈك ئۆسۈملۈك تېنى

سوماترا ۋە بورنېئودىكى تروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمانلىرىدا ئۆسىدىغان شاھگۈلنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ گۈل دېيىشكە بولىدۇ. شاھگۈلنىڭ يوپۇرمىقى يوق، گۈلىنىڭ دىئامېتىرى بىر مېتىردىن ئاشىدۇ. شاھگۈل بىر خىل تىپىك پارازىت ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭ گۈللەش ۋاقتى تۆت كۈن. چاڭلاشقان ئانىلىق گۈل كېيىنكى يەتتە ئاي ئىچىدە، بارا ـ بارا چىرىگەن بىر مېۋىنى شەكىللەندۈرىدۇ.




شاھگۈلنىڭ بەش تال گۈل بەرگى بولۇپ، يېرىق ياپراقچە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئوتتۇرىسى ئايرىغۇچى پەردە بولۇپ، ئىچىدىكى ئۇرۇقدان ۋە چاڭدانىنى قوغداپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com





## تۆرەلمىلىك تۇغىدىغان ئاجايىپ ئۆسۈملۈكلەر




تروپىك بەلۋاغ دېڭىز ساھىللىرىدا رىزوفورا ئورمانلىرى بار. رىزوفورانىڭ مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، ئىچىدىكى ئۇرۇقى ئاللىقاچان بىخلانغان بولىدۇ. تۆرەلمە ئوقنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۈزىرىشىغا ئەگىشىپ، تۆرەلمە يىلتىز ۋە تۆرەلمە بىخلار مېۋە پوستىنى يېرىپ چىقىپ، تال - تال تاياقسىمان مايسىلارنى ھاسىل قىلىپ، شاخلاردا ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ھەر نۆۋەت دېڭىز شامىلى ئۇرغاندا، يېتىلگەن مايسىلار ئۆز ئېغىرلىقىنىڭ ياردىمىدە ئانا تەندىن ئايرىلىپ ساھىل توپىسىغا سانجىلىپ چۈشىدۇ، نەچچە سائەت ئىچىدىلا يىلتىز تارتىدۇ...



رىزوفورا نەپەسلىنىش ۋە ئۆزىنى ئوبدان تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرەك يىلتىزلىرىنى يېتىلدۈرگەن.

## سوغۇقتىن قورقمايدىغان ئېگىز تاغ ئۆسۈملۈكلىرى

ئېگىز تاغ ئۆسۈملۈكلىرى قارلىق بەلۋاغدىن تۆۋەن جايلاردا ئۆسىدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ قىش پەسلى ئۇزاق ھەم قاتتىق سوغۇق. بۇنداق ئالاھىدە شارائىتتا ئۆسۈملۈكلەردە پاكار ئۆسۈش ۋە قۇرغاقچىلىققا چىداش ئالاھىدىلىكى شەكىللەنگەن. پۈتۈن تېنى قويۇق تىۋىت تۈكلەر بىلەن قاپلانغان، يوپۇرمىقى كىچىك، لېكىن فوتوسىنتېز رولىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. قار لەيلىسى تىپىك ئېگىز تاغ ئۆسۈملۈكىدۇر.




قار لەيلىسىنىڭ يوپۇرمىقىدا قويۇق تىۋىت تۈكچىلەر ئۆسكەن بولۇپ، شامالدىن مۇداپىئە قىلىدۇ، ئىسسىقلىق ساقلايدۇ، ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ زەخىملىشىدىن ساقلايدۇ.




تىپىك قۇملۇق پارازىت ئۆسۈملۈكى توشقان زەدىكى پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يەر ئاستى يىلتىزىدا پارازىت ياشايدۇ، سىرتتىن قارىغاندا، يەرگە ئۆزى يىلتىز تارتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

## پارازىت ئۆسۈملۈكلەر

تەبىئەت دۇنياسىدىكى بەزى ئۆسۈملۈكلەر باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى سۈمۈرۈشكە تايىنىپ ياشىغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى «پارازىت ئۆسۈملۈكلەر» دەپ ئاتايدۇ. پارازىت ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى رودىمېنتلىشىپ كەتكەن، تېنىدە خلوروفىل بولمايدۇ، فوتوسىنتېز ئىقتىدارىنى يوقاتقان. شۇڭا، باشقا ئۆسۈملۈكلەرگە تايىنىپ، ئۇلارنىڭ تېنىدىكى ئوزۇقلۇق ۋە سۇنى سۈمۈرۈش ئارقىلىقلا ياشىيالايدۇ.




## يېپىشما ئۆسۈملۈكلەر

تروپىك بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمانلىرىدا شەكلى چىرايلىق كىچىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوغان دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا ئۆسكەنلىكىنى كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلار دەرەخ بىلەن ئوزۇقلۇق تالاشمايدۇ،بەلكى قوۋزاق يېرىقچىلىرىدا ياكى شاخ ئاچىلىرىدا يىغىلىپ قالغان لاي - توپا ۋە غازاڭلارنىڭ ئاجراتمىلىرىدىن پايدىلىنىپ يىلتىز تارتىۋالىدۇ. شۇ تۈپەيلى «يېپىشما ئۆسۈملۈك» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇلار نەم مۇھىتنىڭ ياردىمىدە ئوزۇقلۇق ياسايدۇ، شۇڭا ئىنتايىن نازۇك، بۈلۈق ئۆسىدۇ، گۈلىمۇ ناھايىتى چىرايلىق

# ئاشلىق زىرائەتلىرى

ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىنسانلار يېمەكلىكلىرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى. ئىنسانلارنى گۆش بىلەن تەمىنلەيدىغان بەزى ئۆي هايۋانلىرى (ئۆي قۇشلىرى) قاتارلىقلارمۇ ئاشلىق بىلەن بېقىلىدۇ. شۇڭا، ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇهىم. دۇنيادىكى كۆپ جايلاردا شال، بۇغداي، كۆممىقوناق، تاتلىق ياڭيۇ قاتارلىقلار ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى هېسابلىنىدۇ. ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ مۆتىدىل بەلۋاغ رايونلىرىدا چۈجگۈن قوناق، ئاققوناقلار بۇغدايدىن قالسىلا مۇهىم ئاشلىق زىرائىتى هېسابلىنىدۇ.



## بۇغداي

بۇغداي دۇنيادىكى ئەڭ مۇهىم ئاشلىق زىرائىتى. كۆندە يېمەكلىك قىلىنىۋاتقان ئاق ئۇن ئاقلانغان بۇغداي ئۇرۇقىنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىلغان. بۇغداينىڭ ئۆستۈرۈلۈش تارىخىغا 15 مىڭ يىلدىن ئاشتى. هازىر دۇنيادا 10 مىڭدىن ئارتۇق بۇغداي سورتى بار، ئاساسلىقى مۆتىدىل بەلۋاغ، ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغ رايونلىرىغا تارقالغان. كۈزگى بۇغداي كۈز پەسلىدە تېرىلىدۇ، قىش پەسلىدە مۈز تۇتقاندا بۇغداي مايسىسى تۈپلىنىدۇ. ئەتىيازدا تېرىلىدىغان يازغى بۇغداي تۈپلەنمەيدۇ، شۇڭا هەر مو يەرگە كېتىدىغان ئۇرۇق كۆپرەك بولىدۇ.





بۇغداي

بۇغداي باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غول ئېگىزلىكى بىر مېتىرغا يېتىدۇ. يوپۇرمىقى تۇمۇنە شەكىللىك، غولىنىڭ چوققىسىدىن باشاق چىقىرىپ چېچەكلەيدۇ، باشاقسىمان گۈل رېتى بولىدۇ.

## شال

شال سۇدا ئۆسىدۇ. جۇڭگو، هىندىستان ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا تروپىك بەلۋاغ رايونلىرى شالنىڭ ئەسلىي ماكانى، ئۆستۈرۈلۈۋاتقىنىغا 7000 يىلدىن ئاشتى. شال ئۇرۇقىنىڭ پوستى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، يېمەكلىك قىلىنىدىغان «گۈرۈچ»كە ئايلىنىدۇ. هازىر دۇنيادىكى ئاهالىنىڭ تەخمىنەن يېرىمى گۈرۈچنى ئاساسىي يېمەكلىك قىلىدۇ.



شال

شال باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تۈپ ئېگىزلىكى 0.3~1 مېتىر، غولىنىڭ چوققىسىدا باشاق چىقىرىپ چېچەكلەيدۇ، شالاڭ كونۇسسىمان گۈل رېتى بولىدۇ.



يالغاچ ئارپا

يالغاچ ئارپا باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 0.5~1 مېتىر، غولىنىڭ چوققىسىدىن باشاق چىقىرىپ چېچەكلەيدۇ.

## يالغاچ ئارپا

يالغاچ ئارپا ئارپىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى بولۇپ، دېنى پىشقاندىن كېيىن پوستىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، شۇڭا يالغاچ ئارپا دەپ ئاتالغان. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي - شىمالىي ئېگىزلىكى رايونىدا ئومۇميۈزلۈك يالغاچ ئارپا ئۆستۈرۈلىدۇ.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## كۆممىقوناق

كۆممىقوناقنىڭ ئەسلىي ماكانى ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى. مەملىكىتىمىزنىڭ كۆممىقوناق تېرىشى 16 ـ ئەسىردىن باشلانغان. كۆممىقوناقنىڭ ئاتىلىق گۈلى چوققىسىدا ئۆسىدۇ، نۇرغۇن يۇپۇكسىمان گۈل رېتى بىرلىشىپ چوڭ كونۇسسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئانىلىق كېچىكلىك باشاقلىرى مەدىكىدە زىچ ئۆسۈپ، پاسارغا ئورىلىپ تۇرىدۇ. چاڭلاشقاندىن كېيىن سىلىندىرسىمان قوناق بېشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. كۆممىقوناق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق زىرائىتى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئاساسلىق يەم ـ بوغۇزلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.



ئاققوناق



كۆممىقوناق بېشى



كۆممىقوناق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 1 ~ 4 مېتىر، يوپۇرمىقى ئۇزۇن تاسمىسىمان تۇمۇنە شەكىللىك.

## ئاققوناق

ئاققوناقنىڭ ئەسلىي ماكانى ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئېفىئوپىيە بولۇپ، مەملىكىتىمىزگە ھىندىستان ئارقىلىق كىرگەندىن كېيىن، يەنە ياۋروپا، ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارغا تارالغان، ھازىر يەر شارىدىكى ئىسسىق رايونلارنىڭ ھەممىسىدە كەڭ كۆلەمدە تېرىلىدۇ.



تاتلىق ئاققوناق

ئاققوناق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 2 ـ 3 مېتىر كېلىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن تاسمىسىمان تۇمۇنە شەكىللىك، غول چوققىسىدىن باشاق چىقىرىپ چېچەكلەيدۇ، باشاق ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ.

## چۈجگۈن قوناق (تېرىق)

چۈجگۈن قوناق ياۋروپا، ئاسىيانىڭ مۆتىدىل بەلۋاغ رايونلىرىدىكى مۇھىم ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرى. قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، تاغلىق جايلارغا تېرىشقا بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدە چۈجگۈن قوناقنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈلۈشى 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇنى ئون نەچچە يىل، ھەتتا نەچچە ئون يىل ساقلاشقا بولىدۇ. پوستىدىن ئاجرىتىلغان چۈجگۈن قوناق تېرىق دەپ ئاتىلىدۇ.



چۈجگۈن قوناق

چۈجگۈن قوناق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غول ئۇچىدىن باشاق چىقىرىپ چېچەكلەيدۇ، گۈل رېتى سىلىندىرسىمان كونۇس شەكىللىك بولىدۇ.

## تاتلىق ياڭيۇ (تاتلىق كۆممە چامغۇر)

تاتلىق ياڭيۇ يۈگىمەچگۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى پىلەكلىك زىرائەت. كىشىلەر ئاساسلىقى ئۇنىڭ يەر ئاستىدا ئۆسكەن موللاك يىلتىزىنى يېمەكلىك قىلىدۇ، پىلىكىنى يەم ـ خەشەك قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىي ماكانى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىمىزگە كىرگۈزۈلگەن.



يەر ئۈستىدە ئۆسكەن تاتلىق ياڭيۇ پىلىكى



يەر ئاستىدا ئۆسكەن تاتلىق ياڭيۇ





## ئىقتىسادىي زىرائەتلەر

ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ياغلىق زىرائەت، شېكەر ماتېرىياللىرى زىرائىتى، تەم كىرگۈزگۈچى يېمەكلىكلەر زىرائىتى ھەم ئىنسانلار تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك غەيرىي يېمەكلىك ماتېرىياللىرى زىرائىتى قاتارلىق زىرائەتلەرنى، يەنە سانائەت خام ئەشيا زىرائەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېمەكلىك ماتېرىياللىرى زىرائەتلىرى ئىنسانلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان يېمەكلىكى. كېۋەز، ئاق كەندىر قاتارلىق سانائەت خام ئەشيا زىرائەتلىرىنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زىچ.



خاسىڭ مېۋىسى



كانىماش — پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈپ ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر، كېپىنەكسىمان گۈللەيدۇ، گۈل بەرگى بىنەپشە رەڭ ياكى ئاق رەڭلىك.

### خاسىڭ (يەر ياڭىقى)

خاسىڭ پۇرچاق ئائىلىسىگە تەۋە بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. خاسىڭ يەر ئۈستىدە چېچەكلەپ، يەر ئاستىدا مېۋىلەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. خاسىڭ ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدىكى ماي%50كە، ئاقسىل%30كە يېتىدۇ، ئەلا سۈپەتلىك ياغ ماتېرىيالى ۋە يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ. خاسىڭنىڭ ئەسلىي ماكانى — برازىلىيە.



خاسىڭ

### كانىماش (دادۇر)

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە كانىماشنىڭ تەركىبىدىكى ئاقسىل مىقدارى ئەڭ يۇقىرى، مايلارمۇ ناھايىتى مول. ئۇنىڭ ئەسلىي ماكانى مەملىكىتىمىزنىڭ مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە سۇبتروپىك بەلۋاغ رايونلىرى بولۇپ، ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىلماقتا.

### كاۋاۋىچىن (قارىنىيىرىق)

كاۋاۋىچىن سۇزاپ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. مېۋىسى شارسىمان بولۇپ، ئائىلىلەردە تەم تەڭشىگۈچ قىلىنىدۇ. مېۋىسىدىن خۇش پۇراق ماي ئاجرىتىپ ئالغىلى بولىدۇ.



شاكال بەدىيان

### قارىمۇچ

قارىمۇچ — قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى پېلەكلىك ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك، مېۋىسى شار شەكىللىك. قارىمۇچنىڭ ئەسلىي ماكانى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ تروپىك بەلۋاغ رايونلىرىغا كەلتۈرۈپ ئۆستۈرۈلگەن. قارىمۇچنىڭ مېۋىسىنى تەم تەڭشىگۈچ قىلىشقا، دورا قىلىشقىمۇ بولىدۇ.



كاۋاۋىچىن دەرىخى

### شاكال بەدىيان

شاكال بەدىيان ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. مەملىكىتىمىزنىڭ فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، خەينەن، گۇاڭشى، گۇيجۇ، يۈننەن قاتارلىق جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. مېۋىسى قۇرۇمىلارغا تەم تەڭشىگۈچ قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقىدىن خۇش پۇراق ماي ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ.



كاۋاۋىچىن



قارىمۇچ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى www.uyghurkitap.com




كۈنجۈت

## كېۋەز

كېۋەز تۆگمىگۈل ئائىلىسىگە تەۋە. ئۇنىڭ غوزىسى دەسلەپتە شاپتۇلغا ئوخشايدۇ. غوزا يوغىنىغاندىن كېيىن ئېچىلىپ، ئىچىدىكى ئاپئاق تالاسمان چىگىتلىك پاختىسى كۆرۈنىدۇ. پاختىنىڭ تالاسى پۇختا، ئىسسىق ساقلايدۇ، نەملىكنى سۈمۈرىدۇ، توقۇمىچىلىقنىڭ ئەرزان، ئەلا سۈپەتلىك خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ.


كېۋەز ۋە پاختا

## كۈنجۈت

كۈنجۈت — كۈنجۈت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تۈپ ئېگىزلىكى بىر مېتىرغا يېتىدۇ. غولى تۆت قىرلىق، چېچىكى يالغۇز ئېچىلىدۇ، كۈنجۈتنىڭ ئەسلىي ماكانى ئاسىيانىڭ تروپىك بەلۋاغ رايونلىرى. كۈنجۈت ئۇرۇقىنىڭ ماي مىقدارى 50%~60% ، ماي سۈپىتى ئەلا ھەم ئالاھىدە خۇشپۇرىقى بولىدۇ.

## كاكائو

كاكائو چىنار ئائىلىسىگە تەۋە دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، مېۋىسى ئېلىلىپس شەكىللىك. بىر تال مېۋىسىدە ياپىلاق ئۇرۇقلاردىن بىرمۇنچىسى بولىدۇ. ئۇرۇقىدىن ياغ چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، ئېزىپ كاكائو تالقىنى ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇ شاكىلات ياساش ماتېرىيالىدۇر. مېدىتسىنادا يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش ئۈنۈمىگە ئىگە. كاكائونىڭ ئەسلىي ماكانى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى.





شېكەر قومۇشى

## قەھۋە

قەھۋە رويان ئائىلىسىگە كىرىدىغان، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. مېۋىسى سوزۇق شار شەكىللىك، ھەربىر مېۋىدە ئىككى تال ئۇرۇق بولىدۇ. ئۇرۇقىنى قورۇپ پىشۇرۇپ ئەزگەندىن كېيىن، قەھۋە پاراشوكى بولىدۇ، قايناقسۇغا دەملەپ ئىچىشكە بولىدۇ. قەھۋەنىڭ ئەسلىي ماكانى ئافرىقا قىتئەسى، مەملىكىتىمىزنىڭ خەينەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلىرىدىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.


ئاگاۋا

## شېكەرقومۇشى

شېكەرقومۇشى باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، يوغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تۈپ ئېگىزلىكى 2~4 مېتىر. ئەڭ مۇھىم شېكەر ماتېرىيالى زىرائەتى. دۇنيانىڭ تروپىك بەلۋاغ، سۇبتروپىك بەلۋاغ رايونلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلىدۇ.

## ئاگاۋا

ئاگاۋا ئاگاۋا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى قىلىچقا ئوخشايدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدۇ. يوپۇرماق تالالىرى كېمە - پاراخوت ئارقانلىرىنى ئېشىشكە كېرەكلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.


چايزارلىق


چاي يوپۇرمىقى

## چاي دەرىخى

چاي — ئائىلىسىگە تەۋە، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، تۈپ ئېگىزلىكى 1~6 مېتىر. نەم كىلىماتنى ياخشى كۆرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ چاڭجياڭ ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلىدۇ. چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن چاي ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، چاي يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش ئۈنۈمىگە ئىگە.



سەۋزە

# كۆكتاتلار

كۆكتاتلار ئىنسانلارنى بەدەنگە كېرەكلىك كۆپ خىل ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، تەركىبىدىكى ۋىتامىنلار ھەزىم قىلىشقا ياردەملىشىدۇ ۋە تەرەتنى يۇمشىتىدۇ. ئادەم كۈنىگە 250~300 گرام يېشىل يوپۇرماقلىق كۆكتات يېسىلا ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. مەملىكىتىمىزدە كۆكتات خىللىرى ئىنتايىن مول.





غولكۆك

## سەۋزە

سەۋزە كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۆشلۈك يىلتىز قىسمى ئىستېمال قىلىنىدۇ. سەۋزە تەركىبىدە كاروتىن مول بولۇپ، نامازشام قارىغۇسى ۋە نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.



ياڭيۇ

## ياڭيۇ (كۆممە چامغۇر)

ياڭيۇ پىدىگەن ئائىلىسىگە تەۋە كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يېمەكلىك قىلىنىدىغىنى يەر ئاستىدا ئۆسىدىغان تۈگۈنەك غولى بولۇپ، تەركىبىدە كراخمال مول. يېمەكلىك قىلىشقا ۋە سانائەت خام ئەشياسى قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

## غولكۆك (ئۈسۈڭ)

غولكۆك مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ـ ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غول ۋە يوپۇرماقلىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى غولىنىڭكىدىن يۇقىرى، شۇنداقلا قىزىتما ياندۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

## كەرەپشە (چىڭسەي)

كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ـ ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غول، يوپۇرماق، يىلتىزىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. تەركىبىدە ئاپىگېنىن (كەرەپشە مېيى) بولۇپ، خۇشبۇي پۇرىقى بار. قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش رولىغا ئىگە.

زەنجىۋىل



## زەنجىۋىل

زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭ گۆشلۈك يىلتىزسىمان غولىنىڭ تەمى ئاچچىقراق، تولىراق تېتىتقۇ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. زۇكام بولغاندا ئازراق زەنجىۋىل شورپىسى ئىچىلسە، سوغۇق تەرلىتىپ يەلنى ھەيدەيدۇ.



كەرەپشە



سامساق بېشى

## سامساق

گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى بىر ـ ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يۇمران مايسىسى، گۈلشېخى (سۈەنتەيزە) ۋە تەڭگىچە غوللىرىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ئاساسلىقى تەم تەڭشىگۈچ قىلىنىدۇ. مىكروب ئۆلتۈرۈش رولى بار.

www.uyghurkitap.com

## نىلۇپەر ۋە يەر ئاستى غولى

نىلۇپەر — نىلۇپەر ئائىلىسىدىكى سۇدا ياشايدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستى غولىدا كراخمال ۋە ۋىتامىن C ناھايىتى مول. ئۇ قىزىتما قايتۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، تالنى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە.



تۇرۇپ



نىلۇپەر ۋە يەر ئاستى غولى

## تۇرۇپ

كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر - ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۇرۇپنىڭ گۆشلۈك يىلتىزى تەركىبىدە كراخمال ئېنزىمى ناھايىتى كۆپ، خام ياكى پىشۇرۇپ يېيىشكە بولىدۇ بەلغەمنى بوشىتىپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئاق تۇرۇپ، كۆك تۇرۇپ، قىزىل تۇرۇپ قاتارلىق سورتلىرى بار.



پىدىگەن

## پىدىگەن

پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى سۆسۈن رەڭلىك، يېشىل ۋە ئاقلىرىمۇ بار. خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىش، جىگەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە.

## بامبۇك نوتىسى

باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئۆسىدۇ. بامبۇك نوتىسىنىڭ يۇمران غول بىخى ۋە ئۇچىنى يېيىشكە بولىدۇ.





بامبۇك نوتىسى





تارو

## تارو

چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدىكى شارچە غولى، يوپۇرماق سېپى ۋە گۈل شېخى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. تارو چىشنى ئاسراش رولىغا ئىگە.


سويا پۇرچاق

## سويا پۇرچاق

سويا پۇرچىقىنىڭ دېنى
قاتمىغان چاغدىلا ئۈزۈۋېلىنىپ
يېمەكلىك قىلىنىدۇ. بۇ خىل
پۇرچاق ئېلىمىزنىڭ شەرقىي
شىمال، شىمالىي جۇڭگو رايونلى-
رىدا كەڭ كۆلەمدە تېرىپ ئۆستۈ-
رۈلىدۇ. تەركىبىدە ئاقسىل ۋە ماي
كۆپ، ئوزۇقلۇقى مول.

## كاۋا

كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆ-
سۈملۈك. كاۋىنىڭ پوستى نېپىز، ئېتى قېلىن، تەمى ياخ-
شى. تەركىبىدە كۆپ خىل ۋىتامىن بار، بولۇپمۇ كاروتىن
مىقدارى كاۋا ئائىلىسىدىكىلەر ئىچىدە ھەممىدىن يۇقىرى.


كاۋا

## ئاشپۇرچاق

پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆ-
سۈملۈك، يامىشىپ ئۆسىدىغان ۋە پاكار ئۆسىدىغان ئىككى خى-
لى بولىدۇ. ئاساسلىقى ئۇنىڭ يۇمران چوكا مېۋىسى يېمەكلىك
قىلىنىدۇ. چوكا مېۋىسى ياپىلاق تاسما شەكىللىك، رەڭگى يې-
شىل ۋە جىگەر رەڭ. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، ۋىتامىن C ۋە
مىنېرال ماددىلار مول.

ئاشپۇرچاق



## ماش ئۈندۈرمىسى

ماش نۇرسىز، تۇپراقسىز ھەم مۇۋاپىق
تېمپېراتۇرا، مۇۋاپىق نەملىك شارائىتىدا
ئۈنچىكە، يۇمران بىخ چىقىرىدۇ، بۇ ماش
ئۈندۈرمىسىدۇر. ئۇنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن
ۋە يىرىك تالالار كۆپ بولۇپ، قىزىتما ياندۇ-
رۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىسسىقنى بېسىش
رولىغا ئىگە.


ماش ئۈندۈرمىسى

## پەمىدۇر

پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى كۆپ
يىللىق سامان غولۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى شىرنىلىك
بولۇپ، كۆكتات قىلىشقىمۇ، مېۋە ئورنىدا يېيىش-
كىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن C ۋە ئور-
گانىك كىسلاتا قاتارلىق ماددىلار مول.


پەمىدۇر

## قىزىلمۇچ (لازا)

پىدىگەن ئائىلىسى-
دىكى بىر يىللىق ياكى
كۆپ يىللىق سامان غول-
لۇق ئۆسۈملۈك. ئىشتى-
ھانى ئېچىش، ھۆللۈكنى
يوقىتىش، قان ئايلىنىشنى
ياخشىلاش رولىغا ئىگە.


قاپاق لازا ئاچچىق
ئەمەس.


غولپىياز

## غولپىياز (سۇڭپىياز)

گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى
ئىككى - ئۈچ يىللىق سامان غول-
لۇق ئۆسۈملۈك. غولپىيازنىڭ
غولى يوپۇرماق غىلىپىدىن تۈ-
زۈلگەن يالغان غول بولۇپ، پىياز
ئېقى دېيىلىدۇ. يالغان غول ۋە
يۇمران يوپۇرماقلىرى ئىستېمال
قىلىنىدۇ، ئاساسلىقى تەم تەڭشى-
گۈچ قىلىنىدۇ.


ئۇچلۇق لازا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





چارخەمەك

## چارخەمەك

كاۋا ئائىلىسىگە تەۋە بىر يىللىق پېلەكلىك سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى سوغۇق، ئىسسىقنى بېسىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.



كۆك كاۋا

## كۆك كاۋا

كاۋا ئائىلىسىگە تەۋە بىر يىللىق پېلەكلىك سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى شاپاقلىق، سۇ مىقدارى كۆپ. سالقىنلىتىش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش، ئىسسىقنى ياندۇرۇش رولىغا ئىگە.



تەرخەمەك

## تەرخەمەك

كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق پېلەكلىك سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەرخەمەك يۇمران ۋاقتىدا يېشىل، سۇس يېشىل ياكى ئاق رەڭلىك بولىدۇ، پوستىدا ئۇششاق تىكەنچىلىرى بولىدۇ. قىزىتما ياندۇرۇپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.



گۈلكاپۇستا

## چېچەكسەي

چېچەكسەي كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۈت رەڭ ئاق چېچەكلىك باش قىسمى يېمەكلىك قىلىنىدۇ. تەركىبىدە ۋىتامىن A، B، C، E، P، U لار بار.



كۈزلۈك يېسىۋىلەك

## يېسىۋىلەك

كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر - ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۈزلۈك يېسىۋىلەك تەركىبىدە سۇ، ئاقسىل، ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار مول بولۇپ، ئاشقازاننى ياخشىلاش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە.

## ياغلىق يېسىۋىلەك

يېسىۋىلەكنىڭ بىر سورتى، ئۈچەي، ئاشقازاننى راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە.



ياغلىق يېسىۋىلەك



كاللەك يېسىۋىلەك

## كاللەك يېسىۋىلەك (كاپۇستا)

كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى شار شەكلىدە چىڭ ئورىلىپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى تەركىبىدە ۋىتامىن كۆپ.





نەشپۈت

## مېۋىلەر

مېۋە رەڭگى چىرايلىق، خۇشپۇراق، تاتلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئادەم بەدىنىنى گلىكوزا، پروكتوزا، ۋىتامىنلار ۋە مىنېرال ماددىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر دەپ ئايرىلىدۇ. يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر ئاساسلىقى تۆت پەسلى ئېنىق ئايرىلىدىغان شىمالىي رايونلارغا، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر تروپىك بەلۋاغ، سۇبتروپىك بەلۋاغقا تەۋە بولغان جەنۇبىي رايونلارغا تارقالغان.

### نەشپۈت

ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. كۈزدە پىشىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مېۋىسى.

### ئالما

ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. كۆپلىگەن سورتلىرى كۈز پەسلىدە پىشىدۇ.



ئالما

### شاپتۇل

ئەتىرگۈل ئائىلىسىگە كىرىدىغان يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى ئۇرۇقچىلىق بولىدۇ، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە پىشىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مېۋىسى.



شاپتۇل

### چىلان

خوزۇر ئائىلىسىگە تەۋە يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. مېۋىسى ئۇرۇقچىلىق بولىدۇ، كۈزدە پىشىدۇ، پىشقاندىن كېيىن مېۋە پوستى قېنىق قىزىل رەڭگە كىرىدۇ. ئېتى ناھايىتى تاتلىق. ئاساسلىقى مەملىكىتىمىزنىڭ خۇاڭخې دەريا ۋادىسى ۋە شىنجاڭدىن چىقىدۇ.



چىلان



ئالۇچا



ئۆرۈك



دولانا

### ئالۇچا

ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى ئۇرۇقچىلىك بولىدۇ، يازنىڭ ئاخىرىدا پىشىدۇ، مېۋە شۆپۈكىنىڭ رەڭگى سورتلىرىغا قاراپ يېشىل ۋە جىگەر رەڭ بولىدۇ.

### دولانا

ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ، مېۋىسى قىزىل، كۈز پەسلىدە پىشىدۇ.

### ئۆرۈك

ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى دەرەخ. مېۋىسى ئۇرۇقچىلىق بولىدۇ، مېۋە شۆپۈكى سېرىق ياكى سۇس يېشىل رەڭلىك، ئاقۇش رەڭلىك سورتلىرىمۇ بار، يازدا پىشىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىققانلىرى ئەڭ داڭلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ئەبنۇس

### ئەبنۇس

ئەبنۇس ئائىلىسىگە تەۋە دەرەخ. مېۋىسى شىرنىلىك، كۈزدە پىشىدۇ، سىرتقى يۈزى قېنىق سېرىق رەڭلىك، بىۋاستە يېيىشكە ياكى ئەبنۇس قېقى ياساشقىمۇ بولىدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مېۋىسى.



گىلاس

### گىلاس

ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى كىچىك دەرەخ. مېۋىسى ئۇششاق ھەم ئۇرۇقچىلىق بولىدۇ، باش يازدا پىشىدۇ، كۆپىنچە كونسېرۋا ياسىلىدۇ. شىنجاڭدىمۇ كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ.



ئانار

### ئانار

ئانار ئائىلىسىگە تەۋە يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، شىرنىلىك ھەم يېيىشلىك، كۈزدە پىشىدۇ، يىلتىز ۋە گۈللىرىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ.



قوغۇن

### قوغۇن

كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى شاپاقلىق، رەڭگى ھەر خىل، ياز، كۈز پەسىللىرىدە پىشىدۇ. قوغۇننىڭ ئېتى قېلىن، خۇشپۇراق، تاتلىق، شىنجاڭ ۋە غەربىي شىمالدىن كۆپ چىقىدۇ.

### تاۋۇز

كاۋا ئائىلىسىگە تەۋە، بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. چوڭ تىپتىكى شاپاقلىق مېۋە، يازدا پىشىدۇ. دۇنيانىڭ ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغدىن تروپىك بەلۋاغقىچە بولغان رايونلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلىدۇ.



تاۋۇز

### ئۈزۈم

ئۈزۈم ئائىلىسىگە كىرىدىغان پىلەكلىك ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك. باراڭغا يامىشىپ ئۆسىدۇ. ئۈزۈم ساپىقىدا غۇجەكلىشىپ ئۆسىدۇ، كۈزدە پىشىدۇ. ھۆل پېتى يېيىلگەندىن سىرت، قۇرۇتۇپ قۇرۇق ئۈزۈم قىلىنىدۇ ھەم ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.



ئۈزۈم

### بۆلجۈرگەن

ئەترگۈل ئائىلىسىگە تەۋە، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى غۇجمەك بولىدۇ، يازدا پىشىدۇ. مېۋىسى خۇشپۇراق، تاتلىق بولۇپ، كۆپىنچە مېۋە قىيامى ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.



بۆلجۈرگەن

### مايمۇن شاپتۇلى (ئاكتىندىيە)

مايمۇن شاپتۇلى ئائىلىسىدىكى پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. شۆپۈكى سارغۇچ قوڭۇر، تۈكلەش كېلىدۇ، ئېتى تەركىبىدە كۆپ خىل قەنت ۋە ۋىتامىنلار بار، خام يېيىشكە ياكى مېۋە قىيامى ياساشقا بولىدۇ.



مايمۇن شاپتۇلى

## ئاپېلسىن

سۈزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ. مېۋە پوستى قېنىق سېرىق رەڭدە بولۇپ، مېۋە تىلىمچىلىرىنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلىدۇ.

## قاپاق ئاپېلسىن

سۈزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋىسى ئاپېلسىنسىمان مېۋە، مېۋە پوستى سۇس سېرىق، مېۋە تىلىمچىلىرى ئاپېلسىنىڭكىدىن چوڭ.



قاپاق ئاپېلسىن



ئاپېلسىن

## بالوچە

بالوچە دەرىخى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، مېۋىسىدە ئۇرۇقچىسى بولۇپ، شۆپۈكى قېنىق قىزىل.

## كاۋاك مېۋە (لۇڭيەن)

سوپۇن دەرىخى ئائىلىسىگە تەۋە، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋىسىنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقچىسى بولىدۇ، پوستى سارغۇچ. مېۋىسى تاتلىق خەنزۇ تېبابىتىدە دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.



كاۋاك مېۋە



بالوچە

## ئارچا مېۋە (لىجى)

سوپۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋىسى ئۇرۇقچىلىق، پوستى تۇتۇق قىزىل رەڭلىك.



بانان

## بانان

بانان ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك. ئورىغۇچى قوۋزاقلاردىن تۈزۈلگەن يالغان غولى بىرقەدەر يوغان، مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە كىراخمال كۆپ، تاتلىق، خۇشپۇراقلىق.



ئارچا مېۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





نان بالماندا



مانگو

## نان بالماندا (ئارتوكاربۇس دەرىخى)

ئۇجمە ئائىلىسىگە تەۋە دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. مېۋىسىنىڭ پىشقاندىكى ئۇزۇنلۇقى 25~60 سانتىمېتىرغا، ئېغىرلىقى 20 كىلوگرامغا يېتىدۇ. پوستى قېلىنراق، ئىچىدىكى ئېتىنى يېيىشكە بولىدۇ.

## مانگو

سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چوڭ دەرەخ. دەرەخ يېشى 300~400 يىلغا يېتىدۇ. مېۋىسى ئۇرۇقچىلىق بولۇپ، ئۇزۇنچاقراق، تەركىبىدە كۆپ خىل ۋىتامىن بار، خۇش پۇرايدۇ.



ئاناناس



كارامبولا



## ئاناناس

ئاناناس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مېۋىسى شارسىمان، پوستىدا بۇرمىسىمان ئۇرۇقدانلىرى تىزىلىپ جايلاشقان. ئاناناس يېگەندە، ئالدى بىلەن تۇزلۇق سۇغا چىلاپ، ئېتىدىكى بىر خىل ئىنزىم (فېرمېنت)نى پارچىلىۋېتىش كېرەك.

## كارامبولا

ئاچچىق ئوت ئائىلىسىگە تەۋە دەرەخ. مېۋىسى شىرنىلىك، قاناتسىمان قىرلىرى بار، شۆپۆكى سارغۇچ يېشىل رەڭلىك.



كوكۇس پالمىسى

## كوكۇس

پالما ئائىلىسىدىكى دەرەخ. مېۋىسى قاتتىق پوستلۇق، شارسىمان. مېۋە پوستى بەك قاتتىق، ئىچىدە بىر قەۋەت ئېتى بولۇپ، يېيىشكە بولىدۇ. ئېتى ئىچىدە ئىچىشكە بولىدىغان شەربەتسىمان سۇيۇقلۇق بار.



ماندارىن

## ماندارىن

سۇزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ ياكى چاتقال، مېۋىسى ئاپېلسىنسىمان مېۋە. تەركىبىدە ۋىتامىن C مول. ماندارىننى يېيىشكە بولۇپلا قالماي، يەنە شۆپۆكى، ئۇرۇقى ۋە يوپۇرمىقىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ.

# گۈل ـ گىياھلار

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن، ئېچىلغان گۈل ـ لىرىمۇ ناھايىتى چىرايلىق. كىشىلەر ئۇلارنى يول ياقىلىرىغا، باغچىلارغا، ھويلا ـ ئارامىلارغا ياكى تەشتەكلەرگە تېرىپ ئۆستۈرۈپ ھۇزۇرلىنىدۇ. نۇرغۇن دۆلەتلەر يەنە ئۆز خەلقى ياخشى كۆرىدىغان گۈل ـ گىياھ ۋە دەرەخنى دۆلەت گۈلى ۋە دۆلەت دەرىخى قىلىپ بېكىتىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدە ـ نىيىتى ۋە روھىنى نامايان قىلغان.



ئەترگۈل



## كۆزگە گۈل (جۇخارگۈل)

مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدۇ. كۆپ يىللىق، كونا يىلتىزدىن كۆكلەيدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، گۈلى غول ئۇچىدا ئۆسىدۇ. گۈل بەرگى ئىنچىكە ئۇزۇن، گۈللىرىنىڭ شەكلى سورتىغا قاراپ خىلمۇخىل بولىدۇ. گۈللىرىنىڭ شەكلى ھەر خىل، رەڭگى ئاق، سېرىق، ھال، قىزىل، بىنەپشە قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. كۆزگە گۈل ئېلىمىزنىڭ ئون چوڭ داڭلىق گۈلىنىڭ بىرى، شۋېتسىيىنىڭ دۆلەت گۈلى ۋە ياپونىيىنىڭ دۆلەت گۈللىرىنىڭ بىرى.

كۆزگە گۈل



## ئەترگۈل

ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان تىكەنلىك چاتقال ياكى پېلەكلىك چاتقال. تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ئېچىلالايدۇ، گۈلى كۆركەم، گۈل رەڭگى ئىنتايىن مول، 2000دىن ئارتۇق سورتى بار. ئەترگۈل شەكىل چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان دۇنيادىكى بەش چوڭ گۈلنىڭ بىرى، ئېلىمىزنىڭ ئون چوڭ داڭلىق گۈلىنىڭ بىرى. ئەترگۈل ئەنگلىيە، ليۇكسېمبۇرگ، ئىسپانىيە، ئىتالىيە، ئىراق، ئىران، بۇلغارىيە، رومە ـ نىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت گۈلى.



مېيخۇاگۈل

## مېيخۇاگۈل (ھەپرەڭگۈل)

ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ. باش ئەتىياز پەس ـ لىدە ئالدى بىلەن چېچەكلەپ، ئاندىن كېيىن يوپۇرماق چىقىرىدۇ. گۈل بەرگىلىرى سۇس ھال رەڭ، ئاق، قىزىل، سېرىق قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. مېيخۇاگۈلى قەيسەرلىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئون چوڭ داڭلىق گۈلىنىڭ بىرى.



لالگۈل

## لالگۈل

گۈلسامساق ئائىلىسىدە ـ كى كۆپ يىللىق شارچە يىل ـ تىزلىق ئۆسۈملۈك. گۈلى غول ئۇچىدا ئۆسىدۇ. گۈل رەڭگى كۆپ خىل، تەشتەك ياكى ئې ـ تىزدا ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. گوللاندىيىنىڭ لالگۈلى دۇن ـ يادا ناھايىتى داڭلىق. گوللان ـ دىيە، ۋېنگرىيە، تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر لالگۈلنى دۆلەت گۈ ـ لى قىلغان.



چايگۈل



## چايگۈل

چاي ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. گۈل بەرگى ئاق، سۇس ھال، توق قىزىل قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. قىش پەسلىدە گۈللەيدۇ، گۈلى گۈزەل، رەڭگى كۆركەم بو ـ لۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئون چوڭ داڭلىق گۈلىنىڭ بىرى.

www.uyghurkitap.com




شاقايىق

## شاقايىق (مودەنگۈل)

ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. گۈلى سېرىق، ئاق، قىزىل، ھال، بىنەپشە، كۆك يېشىل قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. ئاپرېل، ماي ئايلىرىدا گۈللەيدۇ. مودەنگۈل «گۈللەر شاھى» دەپ تەرىپلىنىدۇ، ئېلىمىزنىڭ ئون داڭلىق گۈلىنىڭ بىرى.


دارچىنگۈل

## دارچىنگۈل

ئەرمىدون ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ. گۈلى كىچىكرەك، سېرىق ئىپار گۈل، ئاق ئىپار گۈل، قىزىل ئىپار گۈل ۋە تۆت پەسىللىك ئىپارگۈل قاتارلىق تۆت چوڭ خىلغا بۆلۈنىدۇ، كۈزدە گۈللەيدۇ، ئېلىمىزنىڭ ئون چوڭ داڭلىق گۈلىنىڭ بىرى.

## نىلۇپەر

نىلۇپەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سۇدا ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يازدا ئېچىلىدۇ. ئاق، ھال رەڭ، جىگەر رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىسى نىلۇپەر ئۇرۇقى دېيىلىدۇ، يەر ئاستى غولى بولىدۇ، ھەر ئىككىلىسىنى يېگىلى بولىدۇ. نىلۇپەر ھىندىستاننىڭ دۆلەت گۈلى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ئون چوڭ داڭلىق گۈلىنىڭ بىرى.


نىلۇپەر

## نەرگىسگۈل

تاشسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق تەڭگىسىمان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى غول چوققىسىدا ئۆسىدۇ. گۈلتاجىسى ئاق، قوشۇمچە گۈل تاجىسى سېرىق، گۈلى خۇشپۇراقلىق،يېڭى يىل ۋە باھار بايرىمىنىڭ قۇتلۇق گۈلى دەپ قارىلىدۇ، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ئون چوڭ داڭلىق گۈلىنىڭ بىرى.


نەرگىسگۈل

## ئەپيۇنگۈل

ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يازدا گۈللەيدۇ، گۈلى غول چوققىسىدا ئۆسىدۇ. رەڭگى قىزىل، ئاق ۋە ئارىلاش رەڭلىك بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق. ئۇ بېلگىيىنىڭ دۆلەت گۈلى.


ئەپيۇنگۈل

## كاككۇكگۈل

كاككۇكگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ياكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. ئەتىياز، ياز ئارىلىقىدا گۈللەيدۇ. نېپالنىڭ دۆلەت گۈلى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ئون چوڭ داڭلىق گۈلىنىڭ بىرى.


ئاپتاپپەرەس

## ئاپتاپپەرەس

مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، يوغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى غول چوققىسىدا ئۆسىدۇ. گۈلى تىلسىمان گۈل. ئاپتاپپەرەس روسىيە، پېرو، بولىۋىيەلەرنىڭ دۆلەت گۈلى.


كاككۇكگۈل

## ماگنولىيە گۈلى

ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. شىمالىي تەرەپلەردە مارت، ئاپرېل ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ، ئومۇمەن ئاۋۋال چېچەكلەپ، ئاندىن يوپۇرماق چىقىرىدۇ.



تۈياقگۈل



ماگنولىيە گۈلى

## تۈياقگۈل

چايانئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈل شەكلى ئات تۈيىقىسىمان، گۈلى ئاق، سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك، گۈل تاجىسى سېرىق رەڭلىك گۈل باشقىنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئېفىئوپىيىنىڭ دۆلەت گۈلى.



پەرەڭگۈل



## پەرەڭگۈل

توگمگۈل ئائىلىسىگە كىرىدىغان، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ياكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. گۈلى ناھايىتى چوڭ، رەڭگى قىزىل، ھال، سېرىق، ئاق قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ئېچىلىدۇ. ئۇ مالايسىيا، سۇدان، فىجى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت گۈلى.



تۇرنىگۈل



توشقانگۈل

## توشقانگۈل

ئاقچېچەك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئېچىلغاندا گۈل بەرگلىرى ئۈستىگە قاراپ ئۆرۈلىدۇ. رەڭگى قىزىل، سۇس سۆسۈن، ئاق ياكى ئارىلاش رەڭلىك. ئۇ سان مارىنونىڭ دۆلەت گۈلى.

## تۇرنىگۈل

بانان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈل شەكلى ناھايىتى تەرتىپسىز، قۇش تۇمشۇقىسىمان كۆرۈنىدۇ، ئومۇمەن قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە چېچەكلەيدۇ. ھازىر دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.



گۈلقەمبەر

ئالقانگۈل

## گۈلقەمبەر

گۈلقەمبەر سۆگەتگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. ماي ئېيىدىن ئۆكتەبىرگىچە چېچەكلەيدۇ. ئۇ لائوسنىڭ دۆلەت گۈلى.



## ئالقانگۈل

چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، يېپىشىپ ئۆسىدىغان، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سارغۇچ قىزىل ياكى توق قىزىل، يىل بويى گۈللەۋېرىدۇ.



پانۇسگۈل

## پانۇسگۈل

گۈلقىيار ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقالسىمان ئۆسۈملۈك. گۈلى دەسلەپتە پانۇسقا ئوخشايدۇ، كېيىن گۈل بەرگلىرى ئېچىلىدۇ. رەڭگى ئاق، كۆك، سۆسۈن ۋە كۆپ خىل قىزىل رەڭلەردە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ماگنولىيە

## قەپەسگۈل

قەپەسئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇ ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يېيىش ئارقىلىق ئۆزىگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇقلارغا ئېرىشىدۇ. ھاشارات تۇتىدىغان ھاشارات خالتىسى يۇمۇلاق كاناي شەكىللىك بولۇپ، يوپۇرماقنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ. خالتىدا يەنە ھەرىكەتچان كىچىك ياپقۇچى بولىدۇ.



قەپەسئوت

## چىغىرتماقگۈل

چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئىككى قەۋەت گۈل بەرگى بولىدۇ، رەڭگى كۆك، بىنەپشە رەڭلىك. ئۇ فرانسىيە ھەم ئالجىرىيىنىڭ دۆلەت گۈلى.



چىغىرتماقگۈل

## ئاگلايىيە گۈل

ئازادى دەرەخ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال. ياز، كۈزدە چېچەكلەيدۇ. گۈلى ناھايىتى كىچىك، تېرىققا ئوخشايدۇ، شۇڭا تېرىقگۈل دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## شاھزادىگۈل

قوناقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. چېچەكلەش ۋاقتىدا يىلتىز قىسمىدىن گۈل شېخى چىقىرىپ، گۈل شېخىنىڭ ئۇچىدىن گۈل ئېچىلىدۇ. رەڭگى قىپقىزىل ياكى قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ.



تاجگۈل



شاھزادىگۈل

## تاجگۈل

قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ياز، كۈزدە چېچەكلەيدۇ، رەڭگى سۆسۈن، سېرىق ياكى ھال رەڭ بولىدۇ.



ھۆرگۈل

## ھۆرگۈل

كاكتۇس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق چاتقال. ئىيۇل، سېنتەبىر ئايلىرى ئارىلىقىدا كېچىلىرى چېچەكلەيدۇ، لېكىن گۈللەش مەزگىلى تولىمۇ قىسقا.



خالتىگۈل

## خالتىگۈل

تۈلكىمايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭ گۈلى تولىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، گۈل تاجىسى كىچىك خالتىغىلا ئوخشايدۇ. گۈللەش مەزگىلى ئالتە ھەپتىدىن ئاشىدۇ.

## زەپىرەڭگۈل

ھەپىرەڭگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ياماشقۇچى چاتقال. شاخلىرى تىكەنلىك، ئۈچ تال كىچىك سېرىق گۈلى ئۈچ تال جىگەر رەڭ ياكى سېرىق ئورىغۇچى يوپۇرماقتا ئۆسىدۇ. ئۇ زامبىيەنىڭ دۆلەت گۈلى.



زەپىرەڭگۈل

## نورۇزگۈل
## (گىلاس چېچىكى)

ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ھەر يىلى ئاپرېلدا چېچەكلەيدۇ. ئادەتتە ئاۋۋال چېچەكلەپ، ئاندىن يوپۇرماق چىقىرىدۇ. ئۇ ياپونىيەنىڭ دۆلەت گۈللىرىنىڭ بىرى.



نورۇزگۈل

# 《中国儿童百科全书》

## 编辑委员会


名誉主任　徐惟诚
主　　任　吴希曾
副 主 任　贺晓兴
执行主编　程力华

**编　　委**
（以姓氏笔画为序）

马博华　马光复　王祖望　卞德培　印伯伦　刘道远　许延风
孙世洲　杨永源　李　元　李龙臣　吴希曾　张小影　林之光
周明鉴　郑　平　郑延慧　贺晓兴　贾兰坡　黄安年　寇晓伟
程力华　谭　征　潘国彦

**文字撰稿**
（以姓氏笔画为序）

于京洪　马博华　马光复　王宇洁　卞德培　印伯伦　兰保玲
吕秀齐　刘大澄　刘国琴　刘兴良　刘志雄　刘子午　孙世洲
李龙臣　李其震　严珊琴　邱剑荣　应礼文　辛晓征　张辉华
林之光　欧建平　金美香　郑　平　赵喜进　贾彧章　顾　勤
崔金泰　崔乐泉　谭　征　熊若愚

**图片提供**
（以姓氏笔画为序）

卫　涛　马汝军　卞德培　石　威　东　风　田如森　曲毓琦
朱菱艳　刘大澄　刘海英　刘志雄　许丽君　孙世洲　杨长福
杨大昕　李龙臣　李光夏　李其震　李树忠　李　元　来启斌
张关正　张建军　阿去克　陈东明　林之光　苑　立　欧建平
周瑞祥　周秀清　郑　平　赵九伶　贺晓兴　贾彧章　顾　勤
徐祥临　郭素芬　郭银星　高建平　龚和德　崔金泰　崔乐泉
蒋和平　韩知更　蒙　紫　谭　征

**制作绘图**

蒋和平

www.uyghurkitap.com

# 民族文版《中国儿童百科全书》

## 编 辑 委 员 会


| | | | |
|---|---|---|---|
| 总　顾　问 | 徐惟诚(汉族) | | |
| 编委会主任 | 禹宾熙(朝鲜族) | 龚　莉(汉族) | |
| 编委会副主任 | 甘玉贵(蒙古族) | 刘晓东(汉族) | 阿去克(维吾尔族) |
| | 艾尔肯(维吾尔族) | 程力华(汉族) | |
| 编　委<br>(以姓氏笔画为序) | 万　喜(蒙古族) | 才让加(藏族) | 牙库甫(维吾尔族) |
| | 甘玉贵(蒙古族) | 艾尔肯(维吾尔族) | 刘晓东(汉族) |
| | 刘金双(汉族) | 朴文峰(朝鲜族) | 阿去克(维吾尔族) |
| | 李有明(回族) | 张运珍(藏族) | 阿里木江(哈萨克族) |
| | 禹宾熙(朝鲜族) | 龚　莉(汉族) | 程力华(汉族) |
| | 曾小吾(满族) | | |


## «جۇڭگو بالىلار قامۇسى» ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر


(ئۇيغۇرچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇراخمان ۋەكىلى (阿布都热合曼・外克力) | ئابدۇكېرىم رەھمان (阿布都克力木・热合曼) | ئامىنە ئىمىن (阿米娜・伊明) |
| خەمىت خەكىموۋ (哈米提・哈克木夫) | دانىيار سايىتوۋ (达尼亚・沙伊托夫) | قادىر ئارسلان (卡德尔・阿尔斯朗) |
| مۇھەممەت ئوسمان (买买提・吾斯满) | مىجىت خۇداۋەردى (米吉提・胡达拜尔地) | ئۆمەر موللا (吾买尔・毛拉) |
| ئىسراپىل يۈسۈپ (伊斯拉菲尔・玉苏甫) | ئىمىن ئەخمىدى (伊明・艾合买提) | |
















## «ھايۋانات ئۆسۈملۈكلەر»

ئۆسۈملۈكلەر نېمشقا چېچەكلەيدۇ؟ قۇشلار نېمشقا ئۇچالايدۇ؟ پىلنىڭ خارتۇمى نېمشقا شۇنچە قالتىس؟ بېلىق قانداقسىگە توك چىقىرالايدۇ؟ مەزكۇر كىتابتا بۇ مەسىلىلەرگە باللارنىڭ كىتاب ئوقۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن نەپىس، رەڭدار سۈرەتلەر ۋە ئاممىباب تىل ئارقىلىق چوڭقۇر ۋە چۈشىنىشلىك جاۋاب بېرىلگەن. مەقسەت باللارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، تەپەككۇر قاناتلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارغا يىلپىزنىڭ ئوقتەك سۈرئىتىنى، ئېيىقنىڭ ۋەھشىيلىكىنى، قارىغاينىڭ ئېلىپتەك قامىتىنى، زەنجىۋىلنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك تەمىنى ھېس قىلدۇرۇش ... ئۇشبۇ كىتابنى ۋاراقلاپ باقسىڭىز دۇنيانىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى ھېس قىلىسىز.

## مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھاسى

«قامۇس»نىڭ بۇ قىسمى ئۆزىنىڭ كۆركەم سۈرەتلىرى، ئىخچام، ئاددىي تىلى بىلەن سىزگە جانلىقلار دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. سىزنى رەڭگارەڭ جانلىقلار دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. گوياكى «جاھان ئەينىكى»گە ئوخشاش، سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن تۈرلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئېگىز تاغلاردىن تۈزلەڭلىكلەرگىچە، قۇرۇقلۇقتىن دېڭىز ـ ئوكيانلارغىچە تارقالغان ئەڭ كىچىك ھاشاراتلاردىن، كىت ۋە پىل قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارغىچە، ئىنتايىن كىچىك زەمبۇرۇغلاردىن گىگانت دەرەخلەرگىچە بولغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئادەملەر بىلەن بولغان ئاجرالماس ئېكولوگىيىلىك مۇناسىۋىتىنى قىزىقارلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەزكۇر «قامۇس»نىڭ ھەربىر بېتى جانلىقلار دۇنياسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى، ياشاش مۇھىتى، تارقىلىشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تىزىلغان بىر تەبىئەت كۆرگەزمىسى. بۇلارنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن سىز ئىنتايىن جانلىق بىلىملەرگە ئىگە بولالايسىز.

**ـــ پروفېسسور مىجىت خۇداۋەردى**
















ISBN 978-7-105-08098-4

9 787105 080984 >

定价：15.00元